# BULAK



# بۇلاق

2017
3

ISSN 1005-0876
06>
9 771005 087006

源泉 (布拉克) ⊙ BULAK

www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

39 - يىل نەشرى ئومۇمىي 174 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بیلملیک کیشنینگ سۆزی ئازلماس،

ئاققار ساپ بولاقنینگ سۈیی کەملمەس.

تولا سۆز بیلەن بولماس ئالیم کیشی،

كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالیم تۆر بیشی.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 973 | 有知者的语言似水长流，<br>清泉的活水流淌不尽。 | 1015 | 多言者难以成为学者，<br>多听的学者位列上席。 |

973 The words of the wise and the water of a clear-flowing spring are never locking,

1015 A man does not become wise by speaking much; but by listening much the wise man gains the seat of honor.

# بۇلاق

2017 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: مۇختار ماموت    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

دىۋانى شەيخزادە ئاتايى ........................................................ مەۋلانا ئاتايى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرافات ھەسەن

### بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە بايانلار ........................................ (38)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تۇمار ئىبىش ئادىتىمىزگە دائىر بايانلار ........................ (52)
ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

## مەشھۇر ئەسەرلەر

جۇڭگودىكى «دەدە قورقۇت» تەتقىقاتىدىن قىسقىچە بايان ........................ غەيرەتجان ئوسمان (60)
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى كۆز ئەملەش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ........................ ئىسرائىل مۇتىللا (67)
ئەلشىر نەۋايىنىڭ «سەددىي ئىسكەندەر» داستانى ھەققىدە تارىخىي تەلقىنلەر ........................ ئابلەت ياسىن بابا (78)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

ماقال ـ تەمسىللەر ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمگۈل ئابلىز (95)
بىر رىۋايەت، بىر چۆچەك ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت (101)
قوشاقلار ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدئەلى (110)
ئۈچ ئەيىبلىك ........................ توپلاپ رەتلىگۈچى: گۈلجەمىلە نۇراپ (112)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «خىيال»، مەھمۇد فەرشچىيان سىزغان.
4 ـ بېتىدە: «بۇلاق»، ئەھمەد خاراجى سىزغان.

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن
كوررېكتورى : ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

مەۋلانا شەيخزادە ئاتايى

# دىۋانى شەيخزادە ئاتايى*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرافات ھەسەن

* * * *

151

— — — V / — — — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

ھىكايەت قىسسەئى يۇسۇف يۈزۈڭ ھۆسنۈ جەمالىندىن
مەسھۇ خىزر ئىئجازى ئەيان لەئلىڭ زۇلالىندىن

نې شىرىن ئوغرىدۇر ئاغزىڭ ئالىپ كۆڭلۈمنى تۈيغۇنچە
ياشۇندى ھەر نېچە سورسام تاپىلماس ئىنفىئالىندىن

جەمالىڭ ئافتابىدۇر فەلەك كۆيدۇرمەس ئۈشتاكىم
ئىلاھىم ساقلاسۇن دەۋرى قەمەر ئەينۇلكەمالىندىن

كۆڭۈل چەۋگانى زۇلفۇڭغا مۇقەييەد بولغالى چۈن گۈي

بىرۇرلەر چىندە گەھ گاھى خەبەر ئاشۇفتە ھالىندىن

بىھىشتى ئەدىن ئىچىندەكىم ئۆگەرلەر شاخى تۇبىنى
مىسالى بىش ئەمەستۇر بىر بويۇڭ سەرۋى نىھالىندىن

ياڭاغىڭ نارى يانىندا نې تۇرفە سەبزەدۇركىم جان
نېچە يالىنا ئۆرتەيدۇر ئانى يۈز ئوتۇ يالىندىن

ئاتايى شىئرى چۈن بولدى لىبىڭ ۋەسفىندە بەس نازۈك
يايىلدى سۆز بىساتىدا ئانىڭ زىھنى كەمالىندىن

152

— — V / V — — V / V — — V / V — —

مەفئۇۋلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي بادى سەبا ئۆتسەڭ ئۇشول زۇلفى دۇتادىن
ياد ئەيلە مېنى بەستەئى زەنجىرى بەلادىن

رۇخسارەۋۇ زۇلفۇڭغا مېنى قىلدى مۇقەييەد
مەكتەبدە چۇ فەرق ئەتتى كۆڭۈل ئاقنى قارادىن

* بېشى ئۆتكەن ساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەرگىز قەدەمگەدىن قەدەرىي كەتمەگەي ئەردىم
باشىمغا يىراقلىق نېتەيىن تۈشتى قەزادىن

مەن قالدىمۇ ئىشقىڭ داغى بىر گۇشەئى كۆڭلۈم
يۈز شۈكركى جان دەردى سەرى كەتتى ئارادىن

خۇرشىد بىگىن دۇنيانى ھۇسنۇڭ تۇتار ئەردى
كۆڭلۈڭدە ئەگەر بولسا ئىدى زەررە ۋەفادىن

ھەر نېچەكى مەھبۇب جەفا قىلسا مۇھىبنىڭ
يوقتۇر ئىشى جۇز قۇللۇقۇ تەسلىمۇ رىزادىن

دارۇنى ئاتايىغا تەبىب ئەيلەمە زايىئ
خۇبلار غەمدە ئۆتتى ئانىڭ دەردى دەۋادىن

**153**

— V — / —  — V — / —  — V — / —  — V —
فائىلاتۇن  فائىلاتۇن  فائىلاتۇن  فائىلۇن
(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

ئەي كۆڭۈل تۇتقىل ئۇشال ساھىب نەزەرلەر مىللەتىن
كۆزگە ئىلماسلار فەراغەتتىن سۇلەيمان مۇلكەتىن

بادە ئىچ تۇت گۇشەئىي خۇبلار كۆزىدەك فارىغ ئول
تارتما ئاتۇ تون ئۈچۈن بۇ توققۇز ئەيۋان مىننەتىن

فەقر ئىچىندە پادشالار① بار سىپاھۇ تەخت ئىلە
كىم ئۇرۇرلار قۇدسىيلار كۆكدە ئۇلارنىڭ نەۋبەتىن

پارسا مەيخارەلەرنى خار كۆرمە ئاسرۇكىم
تەڭرىدىن ئۆزگە كىشى بىلمەس ئالارنىڭ نىييەتىن

قازىيى ئىشق ئاللىدا ئول مۇھتەسىب قانى ھەلال
ساقلار ئۆز نامۇسنىيۇ ساقلاماس مەي ھۇرمەتىن

ئەي سەخاۋەت دەئۋى قىلغان جۇملە نامۇ نەنگ ئۈچۈن
كەل دەمىي مەيخانەدە كۆرگىل گەدالار ھىممەتىن

گەر فەلەك فەريادىڭا يەتمەس ئاتايى كەل تىلە
ھەق تەئالادىن مۇھەممەد جوكى سۇلتان دەۋلەتىن

**154**

— — V / — — — V / — — — V
مەفائىيلۇن  مەفائىيلۇن  فەئۇۋلۇن
(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

ئۆزە بىلمەن كۆڭۈلنى خۇبلاردىن
تەنۇ جاندىن ئەزىز مەھبۇبلاردىن

كۆڭۈل تا بولدى ۋەسلىڭغە گىرىفتار
ئۈزۈلدى جۇملەئى مەتلۇبلاردىن

لەبىڭ شەۋقىندە ھەر خەتكىم بىتەرمەن
ئوقۇردا قان تامار مەكتۇبلاردىن

كۆڭۈللەر لەشكەرىن سۇلتانى ئىشقىڭ
قىلۇر بىر ھەملەدە مەغلۇبلاردىن

خەلايىق كۆپتۈرۈر كەنئاندا لېكىن
سورۇڭ يۇسۇف سۆزىن يەئقۇبلاردىن

مۇدەررىس ئارىف ئول قىل جۇرم ھاسىل
نېچە دەفئى ۋەجھۇ مەنسۇبلاردىن②

چۇ بىلدىڭ ئاغزىدىن ۋەھدەت رەمۇزىن
ئاتايى قەتئ قىل مەھجۇبلاردىن

**155**

— —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

كۆزۈم تا كۆردى زۈلفىنىڭ كەمەندىن
كۆڭۈل بوينۇمغا سالدى ئىشق بەندىن

سورار رۇخسارەڭىزنى كۆرسە سەۋسەن
نې زىبىا لالەدۇر دەپ نەستەرەندىن

نە بىلسۇن تۇبى سەۋگەن پەست ھىممەت
سېنىڭ بۇ قامەتىڭ سەرۋى بەلەندىن

جەمالىڭ ئىنفىئالىندىن قىزىلگۈل

قارا باشىن ئالىپ كەتتى چەمەندىن

ئەگەر جان سۇرەتىن كۆرمەك تىلەرسەن
كۆرۈڭ ئول تەننى نازۇك پىرەھەندىن

مېنى تەڭرىم ياراتسا بىر كەتانىي
كى فەيز ئالسام ئۇشول شىرىن بەدەندىن

ئاتايى ھۇسنۇڭ ئايىن ۋەسف قىلدى
مەلاھەت بىرلەكىم دېگەيلەر ئاندىن

**156**

—V— / V— — V / V—V — / V— —

مەفئۇۋلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي نۇرى دىيدە سەنسىز ئاڭا نۇر بولماسۇن
ھېچ كۆز جەھاندا بېرۇخى مەنسۇر بولماسۇن

ۋەللاھ ئەگەر خىيالىڭ ئۇچۇن بولماسا ۋەتەن
ھەرگىز كۆڭۈل خەرابىدا مەئمۇر بولماسۇن

جەننەتتە گەر تەجەللىئى ھۇسنۇڭنى كۆرمەسەم
كەۋسەر سۇيى سوغالسۇنۇ ھەم ھۇر بولماسۇن

جان سۇرەتى تەنىڭكىم③ ئېرۇر جان ئاراسىدا

پەيۋەستە ھەق ئەماندا رەنجۇر بولماسۇن

بۇ ھۇسن بۇ جەمالۇ لەتافەت بىلە سېنى
كىم ناز قىلماسۇن دەرۇ مەئزۇر بولماسۇن

كۆز ياشى بىرلە بادى سەبا قىلدى سىرنى④ فاش
جەھد ئەيلەدىم بۇ مۇنچەكى مەشھۇر بولماسۇن

سالدى كۆڭۈل ئاتايىنى خۇبلار بەلاسىنا
ھېچ كىمسە كۆڭلى ئەمرىنە مەئمۇر بولماسۇن

**157**

—V— / — —V— / — — V— / — —V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

باۋۇجۇدى ئارەزىڭ بەرگى سۇمەندىن كىم دېسۇن
لالەدىن كىم سۆزلەسۇن ھەم نەستەرەندىن⑤ كىم دېسۇن

دۇنيانى تۇتتى سېنىڭ ھۇسنۇڭ بىلە دەردىم سۆزى
يۇسۇفۇ يەئقۇب ئىلە بەيتۇلھەزەندىن كىم دېسۇن

لەئلىڭىز بىرلە دەم ئۇرماس زەررەئى سەررافى ئەقل
ئارى ياخشى بار ئىككەن ئەسلى ياماندىن كىم دېسۇن

تا ۋىسالىڭدىن يىراقمەن ياۋۇماس ھېچ كىم ماڭا
جايى ئولدۇر ئەيب ئەمەس جانىسىز بەدەندىن كىم دېسۇن

زۇلفۇ خالىڭدىن مۇئەتتەر بولدى ئالەم بەئدەزىن
نافەئى ئاھۇيۇ تاتارۇ خوتەندىن كىم دېسۇن

مەكرۇ فەن ئەيلەپ مېنى سەيد ئەتتى دەرلەر ئەل سېنى
مەن ئەزەلدىن مۇبتەلامەن مەكرۇ فەندىن كىم دېسۇن

ئېشىكىڭدەكىم شەھەنشەھلەرغە ئاندا بار⑥ يوق
بۇ ئاتايىدەك گەدايى بۇتەندىن كىم دېسۇن

158

~ V — / — — V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

بولغالى ئاغزىڭ مەسىھى غەيب مۇلكىندىن ئەيان
خىزرنىڭ ئابى ھەياتى تارتادۇر زۇلمەتدە جان

گەر ئېسىركەنسەڭ يۈز ئۈزرە زۇلفى پۇر تابىڭنى ياز
بەرگى گۇل ئۈستىندە خوشتەر چەترى سۇنبۇل سايەبان

يىلدا بىر قاتلا كۆرۈنۇر زەررە چىقماس باغدىن
ئوغرىلىق قىلغان ئۈچۈن رەڭگى لەبىڭدىن ئەرغەۋان

كۆر خىيالى نازۇكىنىڭم ئۆزىگە ياغلىق ئاتاپ
گاھ ئاغزىڭنى ئۆپەر گاھى ئېلىكىڭنى كەتان

ئەي كۆكۈل ئول سىيمتەن ۋەسلىن قىلۇر بولساڭ ھەۋەس
قىل يۈزۈڭ ئالتۇننى غەم بۇتەسىندە ئىمتىھان

قامەتىڭ سەرۋىن ئەگەر شەمشادى مىسكىن كۆرمەسە
تۇتماغاي ئەردى ئۆياتتىن بىيشەئى مازەندەران

لەئلىدىن باغرىڭ قانىن ھەردەم ئاتايى سورماڭىم
چۈن ئارىماس ھەر نېچەكىم يۈسالار قان بىرلە قان

159

— V V / — V — V / — — V V / — V — V

مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئىلۇن

(مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەھزۇف)

نېچەكى تەرك ئېتە بىلمەن ساڭا ۋەفا ھەۋاسىن
مېنىڭ ھەقىمدە قىلۇرسەن ھەمىن جەفا ھەۋاسىن

كۆكۈل ساچىڭنى دۇئادا تىلەر ئۆزۈن تۈنلەر
مەگەركى زەھمەتى سەۋدا قىلۇر بەلا ھەۋاسىن

يۈزۈڭنى كۆردۈمۈ قىلدىم قاشىڭا شۈكرۇ دۇئا
كىشىكى كەئبەنى كۆرسە قىلۇر دۇئا ھەۋاسىن

ئۇشالكى ھۇسن ئېلىنى سەۋدى ئاقىبەت مەندەك
گەر ئۆلسە دەرد ئىلە قىلماس دەمىي دەۋا ھەۋاسىن

رەقىب كۆيىدا يول بەر ماڭا بەرەھمەنتەك
يانا قىلۇر دىلۇ كۆكلۈم كەلىيسىيا ھەۋاسىن

ھەسەد يەر ئول كىشىكىم بۇ سىپىھرى ئەتلەسپۇش
قويار ھەرىرۇ قىلۇر شالۇ بورىيا ھەۋاسىن

ئاتايى سەن كەبى سۇلتان ۋىسالىن ئارزۇ قىلۇر
تەفەررۇج ئەيلە ئەگەر مەردى بۇ گەدا ھەۋاسىن

### 160

— V — — / — — — V — — / — — — V — — / — — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

تا مۇسەۋۋەر بولدى نەقشىڭ خامەئى تەقدىردىن
يىغدى خىجلەتدىن ئېلىك نەققاشى چىن تەسۋىردىن

بارە بارە كۆيۈگۈزدا بولدى ئالتۇندەك يۈزۈم
بار مەگەر تۇپراغىدا خاسىيەتى ئىكسىردىن

كۆزلەرىڭنى تۇش كۆرۈپ سورسام مۇئەببىر دەر ماڭا
بۇ تۇشۇڭ تەئبىرىنى سور ساھىرى كەشمىردىن

ۋەھ نې مۇسھەفدۇر يۈزۈڭكىم كەشفى كەششاف ئېيلەدى
خەتم قىلدى كۆرگەچ ئانى دەرسۇ ھەم تەفسىردىن

ئۇيقۇغا ھەمسايەلەر مۇھتاجدۇرلار ھەر كېچە
بەسكى تىنماسمەن فىغانۇ نالەئى شەبگىردىن

بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدەدكى ئىشق ئاغرىغىدۇر ئەي تەبىب
قوي دەۋا تەدبىرىنكىم ئۆتتى ئىش تەدبىردىن

بەندى زۇلفۇڭدىن ئاتايى كۆڭلىنى قىلما جۇدا
ئەقل ئەمەس دىۋانەدىن تۇتماق يىراق زەنجىردىن

### 161

— V — — / V — — — V / V — V — — / V — — —

مەفئۇۋلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي سەرۋى ناز قايسى چەمەن گۈلئۇزارى سەن
بۇ شىيۋە بىرلە جانۇ كۆڭۈل ئىختىيارى سەن

بۇ قامەتۇ بۇ يۈز بىلە فىردەۋس باغىنىڭ
تۇبى نىھالى بىرلە گۈلۇ لالەزارى سەن

ئۇمرىيدۇرۇركى سەيد بولۇپمەن كەمەندىڭە
بىر سورمادىڭ نە بولدىكى كىمنىڭ شىكارى سەن

دەئۋا قىلۇر مۇھەببەتى ئىشقىڭنى ئالەمي
تاُ قايسى بەختۇ تالىئى فەرخۇندە يارى سەن

نازۇك ئېلىكلەرىڭگە نىگار ئېھتىياج ئەمەس
باشتىن ئاياق چۇ ھۇسنۇ لەتافەت نىگارى سەن

ئۆسرۇك كۆزۈڭ كەرەشمەدە ھەر لەھزە قان تۆكەر
ئەي تۇركى شىرگىر نې مەيدان سەۋارى سەن

دۇردەك⑦ ئاتايى ھەلقە بەگوشى بولاي دېسەڭ
قىل كۆز ياشىڭنى ھەر دەم ئۇل ئايىنىڭ نىسارى سەن

### 162

~ V — — / — — — V — — / — — — V — — / — — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

ئەي جەمالىڭ رەۋزەسىندىن مۇنفەئىل خۇلدى بەرىن
شەككەر ئاغزىڭ چەشمەسىندە خىزرۇ ئىيسا ھەمنىشىن

خىرمەنى ئۇمرۇمنى يەلگە بەرگۇسدۇر ئاقىبەت
كۆزلەرىڭ قاشىندا خالىڭ دانەسى ئەينەليەقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر كېچە ئاي باش قويار ئالتۇن بوساغىڭغا سېنىڭ
گەر ئىنانماسلار دەلىل ئۇش ئاللىدا نۇرى جەبىن

ئەل ئۇلۇكنى ياد ئېتەرلەر گەھ گەھى تەكبىر ئىلە
ئەي تىرىكلىك ھاسىلى سەن مېنى ئۆلدى ساغىن⑧

بىخەتا كۇففار ئېلىگە دىنۇ ئىيماندىن بىرۇر
ئىھتىراز ئەتمەس كىشى كافىر كۆزۈڭ ياغماسىدىن

رەشك ئېلىندە قان يۇتار جانىم سۇراھىيدەك مۇدام
دەم بەدەم ئۆپسە پىيالە نازەنىنلەرنىڭ لەبىن

چۇن ئاتايى تاپتى يارىن جان ئارادىن چىق رەۋان
لىي مەئەللەھ قۇربىدا ھاجەت ئەمەس رۇھۇلئەمىن

## 163

— V — / — — V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

ئەي جەفاچى مەن سېنى سەۋدۇمكى جانان بولغاسەن
بىلمەدىم مۇنداق ۋەفاسىز دۇشمەنى جان بولغاسەن

مۇرنى ئازۇردە قىلما خاسە ئاشىق كۆڭلىنى
ھۇسن مۇلكىندا تىلەرسەنكىم سۇلەيمان بولغاسەن

قالمادى سەبرۇ قەرارىم ئاق ئۆي ئىچرە ھەر زەمان
كۆزلەرىمنىڭ مەردۇمىدەك نىچە پىنھان بولغاسەن

جۇملە ئالەم قامەتىڭدىن ئۆگرەنۇرلەر راستلىق
ھەيف ئەمەسكىم سەن مۇنۇڭدەك ئەھدى يالغان بولغاسەن

ئۆلتۈرۈرسەن بىزنى يەئنى نەقدى ھۇسنۇم سەۋدى دەپ
بۇ زىياندۇر قىلماغىل ئاخىر پۇشەيمان بولغاسەن

گەر مېنى ھەجر ئاغرىغى ئۆلتۈرسە ھەم كەلمەس سورا
ناگەھان رەھمىڭ كېلىپ ھالىمغا پەژمان⑨ بولغاسەن

## 164

— — V / V — — V / V — — V / V — —

مەفئۇۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي تۇرفە پەرى سەن نە ئەجەب ئادەمىدۇرسەن
ھەر قايداكى بار جانۇ كۆڭۇل ھەمدەمىدۇرسەن

كىرپىكلەرىڭ ئوقى يارا قىلغان يۈرەكىمنى
بىر باقماق ئىلە كۆز ئۇچىدىن مەرھەمىدۇرسەن

كۆڭلۇم ئۆيىدە ئۆزگەلەرە بەرمەگەمەن يەر
چۇن دۇنيادا سەن ئۇشبۇ ھەرەم مەھرەمىدۇرسەن

كۆركلۈك كىشىلەر ئىلمىدۇرۇر خۇد كۆڭۇل ئالماق
بۇ فەندە ۋەلې سەن بارىنىڭ ئەئلەمىدۇرسەن

ئەي غەم ئەگەر ئۆلتۈرسەڭ ئاتايىنى يازۇقسىز
نېتسۇن نە دېسۇن چۇن سېۋەرىنىڭ غەمىدۇرسەن

## 165

V — — — / V — — — / V — — — / V — — —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

ئۇشالىكىم جۇرئەئىي ئىچتى مەيى ۋەسلى نىگارىندىن
فەلەك ئىچرۇر ئاڭا قانلار بەسي ھىجران خۇمارىندىن

نە دىلبەردىن ۋەفا بىر دەم نە يارى ھەمنىشىن ھەمدەم
تۈگۈنىلدى بۇ دىل پۈرغەم جەھاننىڭ كارۇ بارىندىن

نېچەكىم ئىختىيار ئەتتىم ساڭا ھالىمنى سۆزلەي دەپ
ۋەلې ئەقلىم سېنى كۆرگەچ كېتەر ئۆز ئىختىيارىندىن

بويۇڭ[10] نەخلى ھەۋاسىندا چۇ بولدى ھىممەتىم ئالىي
مەئازەللاھ كى ياد ئەتسەم چەمەن سەرۋى چىنارىندىن

رەۋادۇر ھەجر خارىندىن چۇ بۇلبۇل باغرى شىشلەنسە
شىكايەت بىرلە تىل ئاچقان كىشى ئول گۈلئۇزارىندىن

كۆڭۈل زۇلفۇڭدىن ئۆزمەن دەپ قەرار ئەتتى كۆزۈڭ بىرلە
قارارسىز گەر يانار بولسا ئۆزى قىلغان قەرارىندىن

يۈزۈڭ ئىشقىندا جان بەردى ئاتايى خارى غەم بىرلە
ئەجەب ئەرمەس ئەگەر بۈتسە گۈلى رەھمەت مەزارىندىن

### 166

— V — — / — V — — / — V — — / — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

نېچەكىم دىلبەر مېنى كۆيدۇردى ھىجران نارىدىن
ھاشەلىللاھكىم شىكايەت قىلسام ئانىڭ سارىدىن

ئىشق مىسرىندە ئەزىز ئولماس زۇلەيخاتەك كىشى
كەچمەيىن يۇسۇف ئۇچۇن نامۇسۇ نەنگۇ ئارىدىن

كۆزلەرىڭ گەر تۆكسە قانىم جان ئاڭا بولسۇن فىدا
كىم جەفا ئەينى ۋەفادۇر يارغا سەۋگەن يارىدىن

مەن نېتەي باغى بىھىشتۇ قەسرى خۇلدۇ ھۆرنى
چۈن ماڭا بىردەم ۋىسالىڭ ياخشىراقتۇر بارىدىن

ئاشىق ئەرمەس ئول مۇھەۋۋەسكىم تىلەر زەر بىرلە ۋەسل
ئاشىق ئولدۇركىم ۋىسالىڭ نەقدىن ئىستەر زارىدىن

تا سەبا زۇلفۇڭ نەسىيمىن چىن ئېلىندە يايغالى
مۇشك سەۋداسى كېسىلدى شەھرى چىن ئەتتارىدىن

گەر ئاتايىدىن مۇھەببەتىنىڭ نىشانىن ئىستەسەڭ
كىرپىكىڭ ئوقىن چىقارغاي سىنەئى ئەفگارىدىن

### 167

~ — V / — V — V / V — —

مەفئۇۋلۇ مەفائىلۇن مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەددەسى ئەخرەبى مەقبۇزى مەقسۇر)

جانغا تېگەدۇر جەفايى ھىجران
كىمدىن تىلەيىن دەۋايى ھىجران

يوقتۇر كىشى كۆز ياشىمدىن ئۆزگە
قىلسام[11] ئاڭا ماجەرايى ھىجران

ھىجران دېمەگىز سەنەم فىراقىن
ئول ئۆلمەك ئېرۇر چې جايى ھىجران

دەۋزەخ سىفەتىنكى قىلدى ۋائىز
ۋەللاھ ئەمەس ئول ۋەرايى ھىجران

شاد ئەردى كۆڭۈل ۋىسالى بىرلە
بولدى غەم ئىلەن گەدايى ھىجران

ھەركىمنىكى سافى ۋەسل ئۇسۇرتۇر
مەخمۇر ئېتەر ئانى لايى ھىجران

ئوششاق غەمىن ئاتايىدىن سور
دەرلەر ئانى بىنەۋايى ھىجران

## 168

— —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

يۈزۈڭ خۇرشىدتەك تابەندە بولسۇن
جەمالىڭ تا ئەبەد پايەندە بولسۇن

تەكەللۇم قىل ساچىلسۇن دۇررى گەۋھەر
تەبەسسۇم قىل جەھان پۇرخەندە بولسۇن

يۈزۈڭدىن بۇرقەئ ئالغىل بىر زەمانىي
ئۇيالسۇن ئايۇ كۈن شەرمەندە بولسۇن

مېنى ئۆلتۈرگەلى غەمزەڭ ⑫ قىلىچى
كۆزۈڭدەك كافەرى بوررەندە بولسۇن

پەرى رۇخسارەلەرنىڭ خۇسرەۋىسەن
سېنىڭتەك جانى شىرىن قاندە ⑬ بولسۇن

ئەگەر ئۆلسەم تىلەرمەن تەڭرىدىنكىم
غەمىڭ جانىمغا دەردىڭ تەندە بولسۇن

فەلانىي قۇللارىمدىندۇر دېمىشسەن
ئاتايى ئۇشبۇ سۆزگە بەندە بولسۇن

## 169

~V — / — —V — / — — V — / — —V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

ئەي ئەزەلدىن ھەمنەفەس دەردىڭ بىلە جانى ھەزىن
ھاجەت ئەرمەستۇر ساڭا ئەرز ئەيلەمەك كۆڭلۈم غەمىن

كۇفرۇ ئىيمان ئايەتىنىڭ شەرھىنى ساھىب نەزەر
كۆزلەرىڭ ئاقۇ قاراسىندا كۆرەر ئەينەليەقىن

نازۇ شىيۋە بىرلە خۇبلار دۇنيادا كۆپتۇر ۋەلې
يوق سېنىڭتەك شىيۋەسى پۇر فىتنە نازىي نازەنىن

خەستە كۆڭلۈم قاشلارىڭ ياسىنا قۇربان بولغالى
كۆزلەرىڭ ھەر گۇشەدىن جان قەسدىغە قىلدى كەمىن

بىقەرار ئەرسەم فىراقىڭ دەردىدىن ئەيب ئەتمەكىم
مەن زەئىفى ناتەۋاندىن سەبر قىلماقلىق ھەمىن

ئەمدىكىم لەئلىڭ خىيالى بىرلە ئۆسرۈك مەن مۇدام
بادە گەر ئابى ھەيات ئولسا كېرەكمەس بەئدەزىن

يار غەمىن تەرك ئەت ئاتايى دەرسەن ئەي ناسىھ ۋەلې
تەرك ئېتەرمۇ ئادەمىي ھەرگىز قەدىمىي ھەمدەمىن

## 170

—V — / — —V — / — — V — / — —V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

ئەي پەرى پەيكەر سەنەم سەن نەسلى ئادەمدىنمۇ سەن
يا مەلەك يا ھۇر يا رۇھى مۇجەسسەمدىنمۇ سەن

سۇرەتىڭ رۇھۇلقۇدۇسنىڭ مەئنىسىن قىلدى ئەيان
ئادەمىي ۋەجھىندە كەلگەن ئىسمى ئەئزەمدىنمۇ سەن

ئارەزىڭنىڭ كەئبەسىن كۆرگەن سەفالىق ھاجىلار
دېدىلەر چاھى زەنەخدانىڭغا زەمزەمدىنمۇ سەن

ھەجرىڭ ئۆلتۈرگەنگە لەئلىڭ بىر نەفەسدە جان بېرۇر
سۇر ئانىڭكىم مۆئجىزى ئىيسايى مەريەمدىننۇ سەن

ئەي مۇبارەك نە كەبۇتەركىم سېنى ئەل نامە دەر
كەل كۆزۈمدە ئاشيان قىل يارى مەھرەمدىننۇ سەن

جان دىماغى تاپتى سەندىن ئاشنالىق بۇيىنى
چىن ئايىتقىل ئەي نەسىيم ئول زۈلفى پۇرخەمدىننۇ سەن

مىھنەتۇ غەم بىرلە ئۆمرۈڭ بولدى ئاخىر يار ئۈچۈن
ئەي ئاتايى سەن مۇخەممەر تىينەتۇ غەمدىننۇ سەن

## 171

— — —V / — — — —V / — — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

سىپىھرى ھۆسن ئىچىندە ماھ سەنسەن
زەمانە خۇبلارىغا شاھ سەنسەن

ۋەلېكىن فىتنەئى خىرگاھ سەنسەن

تەبەسسۇم قىلسا لەئلىڭ جان باغىشلار
مەگەر ئىيسايى رۇھۇللاھ سەنسەن

تىرىكلىك ھاسلى ئەي يار دەردى
گەر ئۆلسەم ئاندا ھەم ھەمراھ سەنسەن

ئەگەر ھۇرۇ پەرى بولسا كېرەكمەس
ماڭا ئەي جان بۇ كۆن دىلخاھ سەنسەن

كۆڭۈل دەردىغە بىر دەرمان قىل ئەمدى
چۇ جانىم دەردىدىن ئاگاھ سەنسەن

بۇ ئاق ئەۋدە قارا كۆزلەر بەسى بار

ئاتايى ئول يۈزى گۈل ھەسرەتىندە⑭
تىكەن باغرىندا رەنگى كاھ سەنسەن

## 172

— — —V / — — — —V / — — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

غەمىڭ قويدى كۆڭۈلگە ئىشق داغىن
مۇشەۋۋەش ئەيلەدى ئەقلىم دىماغىن

كى ھەجرىڭ سالدى جانغا قاف تاغىن

ئېشىكىڭ ئىتلەرىندىن ياد قىلساڭ
بىر ئول ئىتلەر تۇفەيلى بىزنى ساغىن

بەسى خەستە كۆڭۈللەر مەسكەنىدۇر
قارا زۈلفۇڭنى ساكىنرەك⑮ تاراغىن

بويۇڭ نەخلىن يۈرۈردە كۆرسە تۇبى
سالىپ قاچقاي ئۇياتتىن رەۋزە باغىن

يۈزۈمگە باس قەدەم سەرخۇشلۇغۇڭدا
تۇتاي ئېلكىمگە بىر دەۋلەت ئاياغىن

قىلىپتۇر ئول مەسيھا جانغا قەسد
ئاتايى قىل رەۋان ئۆلمەك ياراغىن

تەرەھھۇم ئەيلەگىل ئەي قاشلارى نۇن

**173**

— —V / V — —V / V — —V / V— —

مەفئۇۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي ھۇر ئەجەب رۇھى مۇسەۋۋەر يېتىلىپسەن
جان ئالغۇچى بىر ئادەمى پەيكەر يېتىلىپسەن

بۇ ئارەزۇ زۇلفۇ قەدۇ قامەتكى سېنىڭدۇر
رەشكى سۇمەنۇ سۇنبۇلۇ ئەرئەر يېتىلىپسەن

ئەمدى كىشىدە ئەقلۇ خىرەد قالغۇسى يوقتۇر
بۇ تەۋركى سەن فىتنەچى دىلبەر يېتىلىپسەن

تۇبى يىغاچى ئەسكى يىغاچتۇر تۇمەن ئىللىك⑯

ئوخشاتمان ئانىكىم ساڭا نەۋبەر يېتىلىپسەن

غەم تاغىدا فەرھاد بىگىن جان بېرەيىنكىم
شىرىن لەب ئىلە مەئدەنى شەككەر يېتىلىپسەن

زۇلفۇڭ چېرىكىن يۈزگە سالىپ ئىككى تەرەفتىن
جان غارەتىغە كافەرى خەيبەر يېتىلىپسەن

ئالەمدە ستەمكەش يوق ئېدى مىسلى ئاتايى
سەن ھەم ئاڭا لايىق نې ستەمگەر يېتىلىپسەن

**174**

—V— / — —V— / — — V— / — —V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

ئەي غەنىي ھۇسنۇ جەماللىك بىرلە تەختۇ تاجىدىن
نە ئايارسەن بىر قىيا باقماقنى مەن مۇھتاجىدىن

گەر تىلەر كۆڭلۈك كى گۈلگەشت ئەيلەسەڭ بوستان ئارا
كۆزلەرىم تەختى رەۋاندۇر ئابنۇسۇ ئاجىدىن

قابە قەۋسەين ئىتتىھادىن قاشلارىڭ قىلدى ئەيان

ساچلارىڭ خۇد ئايەتىيدۇر لەيلەتۇلمىئراجىدىن

زۇلفۇڭۇز سەۋداسىدا جانىن فىدا قىلدى كۆڭۈل
كارۋانى چىنغا ئارىي چارە يوقتۇر باجىدىن

راست بول رۇختەك⑰ ئاتايى ئىشق بىرلە ئويناما
كىم ھەرىفىيدۇر ئۆتەر بىر دەمدە يۈز لەجلاجىدىن

**175**

— —V /— — —V /— — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

ئەگەرچە ھۇسن ئىچىندە دىلرەبا سەن
جەفا بابىندا ھەم بەس مۇنتەھا سەن

مەئازەللەھ ۋەفادىن ئۆزگە قىلسام
ماڭا ھەر نەچچەكىم قىلساڭ جەفا سەن

نېدىن كافەر كۆزۈڭنى ساچلارىڭدەك

قىلۇرسەن قىلچە جانىمغا قارا سەن

نەزەر پاكىزە خۇشتۇر پاكلارغا
يۈزۈڭ ئايىنى ھەر كۆزدىن ئايا سەن

سېنىڭ بوينۇڭغا ئەي كۆڭلى⑱ ۋۇبالىم
مېنى زۇلفىنا قىلدىڭ.مۇبتەلا سەن

ھەقىقەتتە مۇھىب مەھبۇب بىردۇر
ئارادىن چىققىل ئەي بادى سەبا سەن

قىلۇرسەن قامەتنى لەئلىن تەۋەققۇف
ئاتايى راستىي شىرىن گەدا سەن

**176**

—V—/—　—V—/—　—V—/—　—V—

فائىلاتۇن　فائىلاتۇن　فائىلاتۇن　فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

ئەي بۇ كۆڭلۈمنۈڭ ھۇزۇرى كۆزلەرىمگە نۇرسەن
دەۋلەتى ھۇسنۇڭغا بولما ئاسرۇ ھەم مەغرۇرسەن

مەن جەفا چەكمەك بىلە ئالەمدە خۇد مەئرۇف ئېدىم
ھەيفكىم بولدۇڭ ۋەفاسىزلىق بىلە مەشھۇرسەن

نە پەرى ئوخشار ساڭا ھۇسن ئىچرە نە ئىنسۇ مەلەك
سەن مەگەر جەننەت رىيازىندىن يېتىلگەن ھۇرسەن

يۈز ئۈزە زۇلفۇڭ چىرىكىن سالىپ ئەي چىن لۇئبەتى
رۇم مۇلكىن ئالغالى كەلدىڭ مەگەر فەغفۇرسەن

نە سۆيۈپ سەندىن تويار كۆڭلۈم نە باقىپ كۆزلەرىم
ئەي جەمال ئايىنەسى سەن نې ئەجەب مەنزۇرسەن

زۇلمى ھىجران بىرلە كۆڭلۈم شەھرىنى قىلدىڭ خەراب
كەل ۋىلايەت زاھىر ئەيلەپ قىل يانا مەئمۇرسەن

ئەقلى كۆل سەرگەشتەدۇر سەۋدايى زۇلفۇڭ ئىلكىدە
گەر ئاتايى بولسا مەجنۇن تۇت ئانى مەئزۇرسەن

**177**

V— — —/ V— — —/ V— — —/ V— — —

مەفائىيلۇن　مەفائىيلۇن　مەفائىيلۇن　مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

بويۇڭ نەخلىكى رەشك ئېلتۇر بەسى سەرۋى رەۋان ئاندىن
دەرىغ ئەتمەس مېنىڭ كۆڭلۈم تەنۇ جانۇ رەۋان ئاندىن

چەمەندە كۆزلەرىم بەسكىم⑲ يۈزۈڭ شەۋقىندە قان يىغلار
بولۇر ھەر سۇبھىدەم رەڭگىن گۇلۇ ھەم ئەرغەۋان ئاندىن

ئىشكىتە تۆكمە قانىمنى يىراق سال ئىتلارىڭ ئىچسۇن
كى ناگەھ بولماسۇن ئالۇدە پاك ئول ئاستان ئاندىن

ۋەفا قىلماسۇسەن⑳ غەمگىن كۆڭۈلگە لۇتف ئېتىپ گەھ گەھ
نە بولغاي ۋەئدەئىي قىلساڭكى بولغاي شادمان ئاندىن

جەمالىڭ رەۋزەسىن ۋائىز بىتىپ ۋەسف ئەيلەسۇن ئەلھەق
ئېرۇر بىر مۇختەسەر گۇلشەن بىھىشتى جاۋىدان ئاندىن

سەبا يۈز ئەھلى دىل كۆڭلى ئۇشال زۇلف ئىچرە باغلىقتۇر
نېگە گۇستاخلىق بىرلە ئۆتەرسەن ھەر زەمان ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتەردە كۆز ئۇچىندىن بىر ئاتايى بىرلە سەۋدا قىل
چۇن ئەي ھۆسن ئېلىنىڭ ماھى ساڭا يوقتۇر زىيان ئاندىن

**178**

— V — / — — V — / — — V — / — — V —
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

نېچە ئەي دىلبەر جەفا بابىن رىئايەت قىلغاسەن
جەۋرنى ھۆسنۈڭ بىگىن بىھەددۇ غايەت قىلغاسەن

بەندەڭنىڭ نە ھەددى بار ۋەسلىڭ تەمەننا قىلغالى
سەن مەگەر لۇتفۇ كەرەم بىرلە ئىنايەت قىلغاسەن

ئەي سەبا قىلساڭ ئۇشال مۇشكىن سەلاسىلدىن گۇزەر

مەندىن ئول دىۋانە كۆڭلۈمگە ھىكايەت قىلغاسەن

ۋائىزا چۇن كۆردۈڭ ئول ئايىنىڭ كەمالى ھۆسنىنى
ئەيىب ئەگەر يۇسۇف جەمالىندىن رىۋايەت قىلغاسەن

بىر نەفەس يوقتۇركى بولساڭ يار دەردىدىن جۇدا
ئەي ئاتايى نېچە بەختىڭدىن شىكايەت قىلغاسەن

**179**

~ V — / — — V — / — — V — / — — V —
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان
(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

ئەي ساچىڭ زەنجىرىنىڭ سەرگەشتەسى ئەھلى جۇنۇن
كۆزلەرىڭ نازۇ كەرەشمە فەنلەرىندە زۇفۇنۇن

نەچچەكىم كۆردۇم يۈزۈڭ قاشىڭ تەمەنناسىندا فال
سەفھەئى ئەۋۋەلدە چىقتى سۈرەئى ۋەششەمسۇ نۇن

ئاي يۈزۈڭ نەقشى مۇسەۋۋەر ئەردى كۆڭلۈم ئەۋىدە
گۇنبەدى ئەفلاكنى بۇنياد قىلماستىن بۇرۇن

بەندى زۇلفۇڭنى پەرىشان ㉑ ئەيلە قاشىڭ ئاللىدا

كىم ياڭى ئاي كۆزگە رەۋشەنراق كۆرۈنۈر كەچقۇرۇن

چۇنكى ئۆز ھەددىمنى بىلمەي سەۋدۇم ئول سۇلتاننى مەن
ھەر بەلا كەلسە باشىمغا لاجەرەم سۇندۇم بويۇن

كىمكى گۇلرۇخلارنى سەۋسە خارلىق تارتار ۋەلې
گۇل يۈزۈڭ شەۋقىندە يوقتۇر مەن بىگىن خارۇ زەبۇن

ۋەسلىڭە بىلگەچ ئاتايىنىڭ ئېلىك قىسقالىغىن
مەرھەمەت قىلساڭ خۇداي ئۈچۈن بېگىم ياشىڭ ئۇزۇن

**180**

— — / — V — V / — — V V / — V — V
مەفائىلۇن فەئىلاتۇن مەفائىلۇن فەئلۇن
(مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى ئەسلەم)

سېنى مەن ئاڭلامادىم بېۋەفا ئېمىشتۇكسەن
كۆڭۈلگە ئافەتۇ جانغا بەلا ئېمىشتۇكسەن

بۇ مۇنچە جانلار ئالىپ تويمادىڭ خەلايىقدىن

ئەي㉒ ھۆسن بابى نې كۆزى قارا ئېمىشتۇكسەن

ئەزەلدە نە گۇنەھ ئەتتىڭ كۆڭۈلكى خۇبلاردىن
بۇ مۇنچە مىھنەتۇ غەمغە سەزا ئېمىشتۇكسەن

گەھىيكى باسسا ئاياغىن يۈزۈمگە ناز ئىلە دەر
ئاياغىم ئاغرىدى نې بورىيا ئېمىشتۇكسەن

يۈزنگە كۆپ تىكە باقسام ماڭا كۈلۈپ ئايتۇر
ئاتايى نې كۆزى تويماس گەدا ئېمىشتۇكسەن

**181**

— —V / V — —V / V — —V / V— —

مەفئۇۋلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ · فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي مەڭلەرى مۇشكۇ ئېگى لالە كۆزى ئاھۇ
زۇلفۇڭ غەمىدە تۇتتى كۆڭۈلنى قارا قايغۇ

ئەي ۋاي قاچان شامى فىراقىڭ تاڭى ئاتقاي
كىم بولدى ماڭا ئۇشبۇ يارۇق دۇنيا قارانغۇ

كۆڭلۈم كىمۇ㉓ تولغاشماق ئىلاندەك ساچىڭا ئاھ

نە سۇد قىلۇر ئەمدى چۇ بىلمەي يېدىم ئاغۇ

بەھس ئەتسە شەكەرنەي لەبىڭىز بىرلە سورالى
ئاغزىڭ بىلە تارلىق تالاشۇر پىستە نە يارغۇ

گەر دامەنى ۋەسلى سارى قول سۇنساڭ ئاتايى
باغرىڭنى سۇ ئەيلە داغى جانىڭدىن ئېلىك يۇ

**182**

— —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

مەڭىز يا رەۋزەئى رىزۋانمۇدۇر بۇ
ئاغىز يا غۇنچەئى خەندانمۇدۇر بۇ

قاراقچى كۆزلەرىن كىم كۆرسە ئايتۇر
ئەجەب ئەييارى تۈركستانمۇدۇر بۇ

چىقار ھەر لەھزە يۈزمىڭ شىۋە بىرلە
مەلائىك خۇيلۇق ئىنسانمۇدۇر بۇ

جەھاننى تۇتتى يۇسۇفدەك جەمالى

مەلاھەت مىسرىدە سۇلتانمۇدۇر بۇ

خەتىكىم سەفھەئى گۇل ئۈزرە كۆرنۇر㉔
غۇبارى خەتمۇ يا رەيھانمۇدۇر بۇ

مۇدەۋۋەر گۇيى سيمىن يا زەنەخدان
مۇئەنبەر زۇلف يا چەۋگانمۇدۇر بۇ

ئاتايىنى كۆرۈپ كۇيىندا ئايتۇر
ھەم ئول مىسكىنى سەرگەردانمۇدۇر بۇ

**183**

— —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

ماڭا جەۋر ئەيلەر ئول دىلبەر ھەمىيشە
سۇچۇك تىلدىن ئاچىق سۆزلەر ھەمىيشە

كېزىپ خۇرشىدى خاۋەر ئۆيدىن ئۆيگە

يۈزىندىن شۇئلەئىي ئىستەر ھەمىيشە

كۆزى قاشىندىن ئوق يانى كېتەرمەس
كۆڭۈللەر قۇشلارىن ئاۋلەر㉕ ھەمىيشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەسىمى زۇلفىدىن يۈز رەشك ئېلتىپ
ئۆزىن ئوتقا سالۇر ئەنبەر ھەمىشە

ۋەفاسىز سەرۋ قامەتلەر غەمىدىن
كۆڭۈل ياپراقلايىن تەبرەر ھەمىشە

ئەجەبتۇر ئۆزلەرى سەۋگەن كىشىنى
جەفا بىرلە سىنار خۇبلەر [26] ھەمىشە

ئاتايى شئرىدىن لەززەت قىلۇر كەسب
ئۇشال لەب ۋەسفىدە شەككەر ھەمىشە

**184**

~ — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر)

خەتى مۇشكىنكى دۇر جان بىرلە ھەمراھ
خىزەردۇر ئابى ھەيۋان بىرلە ھەمراھ

ساچىڭ ياز يامغۇرى قىلدىم ياشىمنى
بۇلۇتدەك ماھى تابان بىرلە ھەمراھ

قاراسى كۆزلەرىڭنىڭ ئاقى بىرلە
ئەجەب كۇفرىدۇر ئىيمان بىرلە ھەمراھ

خىياللىك بولدى مىھمانىم نە بولغاي
ۋىسالىك بولسا مىھمان بىرلە ھەمراھ

ئوق ئاتساڭ بۇ كۆڭۈل يۈز ياراسىدىن
بارۇر ھەر بارە پەيكان بىرلە ھەمراھ

تەبىبا سورما ھالىمنىكى بولماس
مۇھەببەت دەردى دەرمان بىرلە ھەمراھ

رىكابىڭدا ئاتايى ئۇشبۇ يولدا
ئېرۇر مۇرىي سۇلەيمان بىرلە ھەمراھ

**185**

— — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

سۆزۈڭدەك شەككەر ئاغزىڭدىن سۇتۇدە
ئەدەمدىن كەلگەنى يوقتۇر ۋۇجۇدە

لەبىڭ ئابى ھەياتى ئۆزرە يارەب
بىنەفشە ئەكسىدۇر يا مۇشكى سۇدە

خەتىڭ تەھرىر ئېتەردە كاتىبى ھۇسن
مېنىڭ ئاھىم ئوتىندىن ئالدى دۇدە

كۆزۈڭ كىرپىك ئوقىن ئاتماق تىلەر داد
يولۇقتۇم مەن قانى تولغان قابۇدە

جەماللىك كەئبەسىندە فەرز بولدى
قاشىڭ مىھرابىدا كەلمەك سۇجۇدە

ئۇلاركىم سىزنى مىھرى ئاز [27] دەرلەر
مېنى دەرلەر ۋەفادا ئازمۇدە

ئاتايى باغرىنى كۆڭلىيۇ كۆزى
تۇتارلار گاھ ئوتتا گاھ سۇدە [28]

**186**

— — — V / — — — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

بەھار ئولدى كەل ئەي گۈلرۇخ گۈلستانلار سارى كېزە
جەمالىڭ نەقشى ئەكسىدىن گۈلۈ گۈلزارنى بېزە

ئەگەر ئەيمەنمەيىن نەرگىس يۈزۈڭگە ئۇترۇ تەك باقسا
بويۇر سەۋسەن قىلىچى بىرلە چاپسۇن ئىككى خۇنرېزە

ئۇياتقاندىن قىزىلگۈل كۆڭلەكى غەرقى ئەرەق بولسۇن
يۈزى گۈلشەن سارى گۈلگۈن قىيا باغىن بېزە بېزە

ساچىق ساچسۇن قىزىل ئالتۇن كۈمىش گۈل بىرلە ئۇشكۈفە
سەبا دەرۋىشلەر ياڭلىق قىلىپ يولۇڭدا دەريۈزە

كۆرۈپ گۈلنى يۈزۈڭ يادىندا ھەر سۇبھ ئەيلەسەم ئەفغان
تەرەھھۇم ئەيلە بۇلبۇلدەك مەنى مىسكىن سەھەرخېزە

مەقامى مەيكەدە خۇشتۇر ھىجاز ئاھەنگىنى پەست ئەت
مۇخالىف قەۋلىنە باقما تۈزۈپ ئەگرىنى تىرگىزە

ئاتايىنى گەر ئۆلتۈرسەڭ ئۇشال ئايدىن كۆڭۈل ئۈزمەس
فەلەك سەن ھەم نېچە قىلدىڭ بۇ مۇڭلۇغ بىرلە ئىستېزە

187

— —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۈن مەفائىيلۈن فەئۇۋلۈن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

ئايا سۇلتان مەلاھەت كىشۋەرىدە
نىھالى ناز بىرلە پەرۋەرىدە
قۇلۇڭدۇر ئاي ئىلە كۈن زەرخەرىدە
ساچىڭ زەنجىرىنە دىۋانە بولغاي
يۈزۈڭ مەجمۇئەئى ھۇسنىدۇرۇركىم
ئەگەر ئەقلۇ خىرەد بولسا يېرىدە
ئوقۇرلار گۈلنى ئاندىن بىر جەرىدە
رەقىب ئۆيىن سورارسىز قاي سارى دەپ
قانى جادۇ كۆزۈڭدەك نامۇسۇلمان
جەھەننەم تۆرىدە تەھتۇسسەرىدە
خىتايۇ㉙ چىنۇ ماچىن كافەرىدە
ئاتايى بولدى چۇن سۇھبەت سەرچىنى㉚
تاپىلماس ھۇسن باغىندا بويۇڭدەك
ھۇزۇرى قالمادى شەھرى ھىرىيدە

188

~V—/— —V—/— — V—/— —V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەي يۈزى كەئبە ۋىسالىڭ ھەجر زۇلمىدىن پەناھ
قاشلارىڭ مېھرابىدۇر ئەھلى نەزەرغە قىبلەگاھ

چۇن تۇشۇپسەن ھۇسن بىرلە خۇبلار ئىچرە غەرىب
مەن غەرىب ئەھۋالىنا قىل كۆز ئۇچىدىن بىر نىگاھ

تەبىي زۇلفۇڭدىن كېتۇرسە تۇربەتىمغە يەل ئەبىر
ئوقۇغاي ئەرۋاھى قۇدسىي تەيىببۇللاھۇ سىراھ

ھۇسنۇڭا دەردى دىلىمدەك قىلدى مېھرىمنى زىياد
چەشمەئى خۇرشىدىڭ يانىنداغى مېھرىگىياھ

ئاھ ئەگەر بولسا گۇنەھ خۇبلارنى سەۋمەك ئۇقبىدا
دۇنيادا قىلمايدۇرۇر ھېچ كىمسە مەندىن كۆپ گۇناھ

سىر ئەلىفتەك قامەتۇ ئاغزىڭنى كۆرگەندىن بېرى
يوقتۇر ئەۋرادىم مېنىڭ شامۇ سەھەر جۇز ئاھ ئاھ

خاكى راھىڭغا ئۆتەردە سۈرتكەلى سارىغ يۈزىن
پاك دىنلار يولىدا بولدى ئاتايى رۇ بە راھ

189

— —V / V — —V / V — —V / V— —

مەفئۇۋلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇۋف)

جانىم سەدەقە ئول كۆزى بىمار سەنەمغە
باشتىن ئۆيۈرۈپ گېيسۇلارىن سالسا قەدەمغە

كەئبە ھەرەمى دەپ ئېشىكى سەيدى بولۇپمەن
كافەر كۆزى نە دەپ ئوق ئاتار سەيدى ھەرەمغە

مىم ئاغزى بىلە زۇلفۇ قەدى لام ئەلىفدىن
ئەي ۋاي نېتەي خەستە كۆڭۈل قالدى ئەلەمغە

مەن جەۋر ئىلە سىزدىن يۈز ئۆيۈرگۇمۇ ۋەلېكىن
ھەددى كېرەك ئاخىر سېۋەرىم جەۋرۇ ستەمغە

بۇ دەمكى لەتافەت ئۆلۈسىن ھۇسن ئىلە ئالدىڭ
لۇتف ئەيلەكى يەتمەس كىشى ئەلبەتتە بۇ دەمغە

خالۇ خەتىڭىز مېھرىنى جان لەۋھىنە يازدىم
ئول دەمكى ئەزەل كاتىبى ئەل سۇندى قەلەمغە

كەل سور بىر ئاغىز خەستە ئاتايىنى بېگىمكىم
لەئلىڭ غەمى بىرلە بارادۇر مۇلكى ئەدەمغە

190

— —V /— — —V /— — —V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇۋف)

ئانىڭكىم سەن بىگىن مەنزۇرى بولسا
يارار خاكى رەھى كۆز نۇرى بولسا

كەرەم خۇشتۇر بەلى كۆركلۇك كىشىدىن
نېچەكىم ھۇسنىنىڭ مەغرۇرى بولسا

ۋەفاسىز دىلرەبادىن تەگرى بىزار
ئەگەر ھۇسن ئىچرە جەننەت ھۇرى بولسا

ئۇشالكىم سەۋمەسە بىر سىيمتەننى
گەدايىدۇر گەر ئالتۇن قۇرى بولسا

جەھان تۇتتۇڭ جەفادا گەر ئاتايى
ۋەفادا دۇنيانىڭ مەشھۇرى بولسا

**191**

V— — —/ V— — —/ V— —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

كۆزۈڭ ئەييارىنا قۇلمەن كەمىنە
ئەگەرچە قەسد ئېتەر جانىم كەمىنە

ۋىسالىڭدىن خيالىي يەتسە بىزگە
جەمالىڭنىڭ كەمالىڭنىڭ[31] كەمىنە

ئەگەر مەششاتەدىن بىر تار ئۈزۈلسە
ئۇلاي جان رىشتەسىن زۇلفۇڭ كەمىنە

ھىلالى ئىككى بولدى ئارزۇدىن
ئۇياتى ئوخشابان[32] قاشىڭ كەمىنە

زەمانى پايبۇسۇڭغا يېتەي دەپ
تۇشەر ھەر كېچە ئاي كۆكتىن زەمىنە

رىقىبىڭنى جەۋانمەرگ ئەيلەسۇن ھەق
ھەۋالە قىلمىشام ئەرلەر دەمىنە

ياراتمىش مېھنەتۇ غەملىق ياراتقان
ئاتايىنى پەرى رۇخلار غەمىنە

**192**

— —V / V — —V / V — —V / V— —

مەفئۇۋلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

يارەب مېنى ئول سەرۋى خىراماندىن ئايىرما
بۇلبۇلنى ئوشول باغۇ گۇلىستاندىن ئايىرما

مەھبۇب فىراقى بىلە ئۆلتۈرمە مۇھىبنى
مۇشتاق بەدەننى نەفەسي جاندىن ئايىرما

مەجنۇن سۆزىنى لەيلى قەبىلەسىدە سۆزلە
يەئقۇب كۆزىن يۇسۇفى كەنئاندىن ئايىرما

ئاشىق كىشىلەر پەيرەۋى[33] مەن ھۇسنىغا مۇشتاق
ئول كانى كەرەم مەئدەنى ئېھساندىن ئايىرما

مەقسۇدۇڭ ئەگەر چەرخ مېنىڭ ئۆلمەكىم ئەرسە
ئۆلتۈر مېنى ئاللىندا ۋەلې ئاندىن ئايىرما

جانىمغا مېنىڭ ھەجر ئەگەر قەسد قىلىپسەن
جانىمدىن ئايىرغىل ۋەلې جاناندىن ئايىرما

جەمئىييەتى خاتىر تىلەسەڭ ھەقدىن ئاتايى
بويۇڭنى ئوشول زۇلفى پەرىشاندىن ئايىرما

**193**

—V— —/—V— —/—V— —/—V—

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

ھەر قاچان تۇشسە قارا زۇلفۇڭ پەرىشان كۆڭلۈمە
ھەسرەتۇ غەمدىن بولۇر جان بەرمەك ئاسان كۆڭلۈمە

مېھرىڭىز خەتتىن يۇماس بىر لەھزەئى جان لەۋھىدىن
ھەر نېچە تەئلىم ئېتەرمەن ئۇشبۇ نادان كۆڭلۈمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈن مۇقەررەردۇر كى سەن ھۆسنۇ مەلاھەت گەنجى سەن
ئەيب ئەمەس گەر لۇتف ئېتىپ كەلسەڭ بۇ ۋەيران كۆڭلۈمە

بەيتۇلئەھزان ئەيلەدىم كۆڭلۈم ئۆيىن يەئقۇبتەك
قىل نەزەر يۈسۈف مەگەرزلىك بەيتۇلئەھزان كۆڭلۈمە

سۇ بولۇر باغرىم ئۆياتتىن باۋۇجۇدى لەئلىڭىز
كەلسە ناگەھ سەلسەبىلۇ ئابى ھەيۋان كۆڭلۈمە

كىرپىكىڭ ناۋەكلەرىن ھەر نېچە ئاتتىڭ ئۆتكەرە
بارى قالدى يادگارىڭ زەخمى پەيكان كۆڭلۈمە

زۇلم ئىلە قان ئەيلەيىن دەر يار ئاتايى كۆڭلىنى
كەلمەسە ئەدلى ئەلاۋۇددەۋلە سۇلتان كۆڭلۈمە

**194**

— — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

لەبى لەئلىڭ ئۈچۈن ئەي كۆڭلى خارە
ياشىم قان بولدى غەمدىن پارە پارە

سېنىڭ ئۈسرۈك كۆزۈڭنۈڭ ئارزۇسىندا
قىلۇر جان شىيشەسىن غەم پارە پارە

مۇھەببەت مۇشكىلاتىن ھەل قىلۇرغا
تاپىلماس دەردى دىلدىن ئۆزگە چارە

ئەگەر يۈز پارە قىلسا جانغا ھەجرىڭ
كۆكۈلنى بەرمەگەيمەن ئۆزگە يارە

مۇۋەھھىدلەرغە سىررى كۈنتۇ كەنزەن
تەبەسسۇم ئىلە بولسۇن ئاشكارە

ھەقىيقەتتىن خەبەر تۇت ئەي مۇدەررىس
نېچە بەھسى مەجازۇ ئىستىئارە

سەلاتىنغا ۋىسالىڭ دەست بەرمەس
ئاتايىغا تېگەرمۇ جۇز نەزارە

**195**

— — — V / — — — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

يانا تالىئ كەرەم قىلدى قاۋۇشتۇم دىلىستانىمغا
تەئاللەھ زىھى دەۋلەت تۈمەن شۈكرانە جانىمغا

مەگەر ئاھى سەھەر بىرلە دۇئايى سۇبھ ئەسەر قىلدى
يوق ئەرسە قەسد ئېتىپ ئەردى فەلەك بىر جۈرئە قانىمغا

ئەجەب بۇلبۇل ئېدىم ھەيران گۈلىستانىدىن ئايرىلغان
بىھەمدۇللاھى ۋەلمىننە ئېرىشتىم گۈلىستانىمغا

سېنى كۆرمەي ئەگەر ئۆلسەم فەرىشتە كەلسە خاكىمدا
تەھەممۇل قىلمايىن كەتكەي مېنىڭ ئاھۇ فىغانىمغا

فىراقىڭدا جەفالاركىم قاتىق جانلىق كۆكۈل كۆردى
ھەياتى ئۆمرىدا كەلمەيدۇرۇر ئەردى گۇمانىمغا

ھەياتى خىزرۇ ئۆمرى نۇھۇ ھەم جەمشىدنىڭ مۈلكىن
تەڭ ئەتمەسمەن سېنىڭ بىرلە كەچۈرگەن بىر زەمانىمغا

ئاتايى دوستلاردىن ئىلتىماس ئەيلەركىم ئۆلگەندە
دۇئايى كۆرسەڭىز قەددىن قىلىڭ رۇھۇ رەۋانىمغا

**196**

— —V / — — —V / — — —V

مەفائىيلۇن　مەفائىيلۇن　فەئۇۋلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

يۈزۈڭدىن رەڭگ ئالۇر نەسرىنۇ لالە
كۆزۈڭدىن مۇنفەئىل يۈز مىڭ غەزالە

تەبەسسۇم ئەيلەكىم بىسيار خۇشتۇر
چەمەندە غۇنچەئى خەندانۇ ژالە

بۇ كۈن خۇد قامەتىڭ شەۋقىندە ئۆلدۈم
قىيامەتتە تىلەي دادىمنى ھالە

ساچىڭ نې تۇرفە دەۋلەتلىق ئىلاندۇر
كۈمۈش گەنجى ئۈزە ياتۇر ئۈزالە

قوپار فىتنە يازۇر㉞ ئالىم ئېلىكتىن
خىرامان يۈرۈسەڭ قول سالە سالە

نە تاڭ سەرگەشتە بولسام گۆي ياغلىق
ساچىڭ سەۋداسىدىن قالدىم بۇ ھالە

فەلەككە يەتتىيۇ ئول ئاي ئېشتمەس
ئاتايى نېچە بۇ فەريادۇ نالە

**197**

— V V / —V — V /— —V V — /— V — V

مەفائىلۇن　فەئىلاتۇن　مەفائىلۇن　فەئىلۇن

(مۇجتەسى مۇسەممەنى مەخبۇنى مەھزۇف)

سەبا ئەگەر گۇزەر ئەتسەڭ ھەبىب ھەزرەتىدە
بۇ خەستە ھالىنى ئەرز ئەت تەبىب ھەزرەتىدە

رەقىب تەئنە قىلۇر بىزنى بېنەسىب دېبان
جەفاسى بىزگە نە يەتمەس نەسىب ھەزرەتىدە

قارارسۇن ئۇشبۇ مېنىڭ تالئىم كى ھەسرەت ئىلە
باشىم ئاقاردىيۇ بولمان قەرىپ㉟ ھەزرەتىدە

ھەرىمى كەئبەدە ئىتكە ھەرامدۇر كىرمەك
نې مۇنچە مەھرەم ئولۇپتۇر رەقىب ھەزرەتىدە

نىقاب ئالۇردا يۈزۈڭدىن ئاتايىنى كەلتۈر
كى گۈل ئاچىلسا كېرەك ئەندەلىب ھەزرەتىدە

**198**

~ —V / V — —V / V — —V / V— —

مەفئۇۋلۇ　مەفائىيلۇ　مەفائىيلۇ　مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر)

كىردىڭ تۈشۈمە سۇبھەدەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ
تالئـ يانا قىلدى كەرەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

خەيياتى ئەزەل ھۇسن تونىن تىككەلى㊱ سىزگە
ئولتۇرماس ئاڭا گەردى غەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

قەد يا قىلىبان ئاھ ئۇقىنى ئاتسا مۇھىبلار
تەگمەس ساڭا بارى ئەلەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

لەئلىڭ ئوتى كۆيدۈردى ۋۇجۇدىمنى ۋەلېكىن
ئاغزىڭ كەبى قىلدى ئەدەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

ھەجر ئاغرىغىدا لۇتف قىلىپ خەيلى خىيالىڭ
خۇش سۈردى مېنى دەم بەدەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

قۇللۇقتا قەبۇل ئەيلەدىڭىز ئۇشبۇ گەدانى
ئەي شاھى جەھان مۇھتەرەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

ئىشقىڭ يولىدا بولدى ئاتايىغا بەرابەر
لۇتفۇ ستەمۇ مەدھۇ زەم ئەلمىننەتۇ لىللاھ

199

~ V — / — — V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان

(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

نەچچەكىم كەزدىم ۋىسالىڭ ئارزۇسىدا ئاھ ئاھ
تاپمادىم ۋەسلىڭغە بىردەم مەن يامان گۇمراھ راھ

ئۆزگە خوبلارغا دېگەيلەر ھەر زەمان ئەل شاھ شاھ

ئول ھىلالىي قاشلارىڭغا ئوخشاتاي دەپ ئۆزىنى
بەدر ئۆزىن كۆرگىل نە يەرگە يەتكۇرۇر ھەر ماھ ماھ

فۇرقەتىڭ ㊲ ئىچرۇر ماڭا باغرىم قانىن مەي ئورنىدا
ئەيش ئىلە ئىچكەن كېچەلەرنى ساغىنسام گاھ گاھ

سەن رەقىبىڭ ئىتلىكىن كۆركىم كۆرە ئالماي كېلۇر
گەر كۆرۈپ سارىغ يۈزۈمنى ئايتۇر ئەرسەڭ كاھ كاھ

تاتقالى لەئلى لەبىڭنىڭ شەككەرىن جان تۇتىسى
ھەر زەمان تاتىرغانىپ دەر قاندا بولسا تاھ تاھ

ئەي ئاتايى گەر كۆزۈڭ يەئقۇب ياڭلىغ كۆرمەسە
ياىما ئول يۈسۈف يولىندىن دېسەلەر مىڭ چاھ چاھ

سەن ئەگەر رۇخ كۆرسەتۇر بولساڭ بىساتى ھۆسن ئارا

200

— V — / — — V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

يا رەب ئول ئارەزمۇدۇر يا لالە ئەرئەر ئۈستىنە
يا شەقايىق بەرگىدۇر سەرۋۇ سەنەۋبەر ئۈستىنە

بەرسەرى ھىندۇيى خالۇڭ كەلدى كافەر ئۈستىنە

ھۆسن گەنجىدۇر يۈزۈڭ گىيسۇلارىڭ ساقلار ئانى
ۋەھ نە ئەفسۇنلاپ باراي ئول ئىككى ئەژدەر ئۈستىنە

يۈز ئۆزە سالساڭ تاراپ مۇشكىن ساچىڭنى ئەگلەرىڭ
ياسەمىندۇركىم تۇشۇپتۇر سۇنبۇلى تەر ئۈستىنە

كىرپىكىڭ جەرراھىنا بارسا جەراھەتلىق كۆڭۈل
مەرھەمي بەرمەس ئۇرۇر نەشتەرنى نەشتەر ئۈستىنە

لەئلى سىرابىڭىز ئۆزرە بۇ زۇمۇررەد سەبزەلەر
تۇتىيى گويا قونۇپتۇر قەندۇ شەككەر ئۈستىنە

گەرچە بۇلبۇلدۇر ئاتايى ھۆسنى ۋەسفىندە ۋەلي
قۇش ئۇچۇرماس ئول پەرى پەيكەر ستەمگەر ئۈستىنە

كۆزلەرىڭ يەتمەسمۇ ۋەي جانىمنى غارەت قىلغالى

201

~ — — V / — — — V / — — — V

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر)

يۈزۈڭنى كۆردۇم ئەي جان شۈكرى لىللاھ
سەۋۇندى جانى پەژمان㊳ شۈكرى لىللاھ

ئۆمىدىم بوستانىدا يۈزلىگەن
ئاچىلدى يۈز گۈلىستان شۈكرى لىللاھ

ئىتۈرگەن يۇسۇفىن يەئقۇب تاپتى
تۈزۈلدى مۈلكى كەنئان شۈكرى لىللاھ

ۋىسالىڭ ئافتابى بولدى تالىئ
تۈگەندى شامى ھىجران شۈكرى لىللاھ

فىراقىڭ چۆلىدە تەشنە كۆڭۈلگە
يولۇقتى ئابى ھەيۋان شۈكرى لىللاھ

تۈزۈلدى دەۋرۇ دىلبەر ساقى بولدى
مۇۋافىق بولدى دەۋران شۈكرى لىللاھ

ئاتايى ھەققىدە ھەرنەكى دەرلەر
دېمەسلەر ئەھدى يالغان شۈكرى لىللاھ

202

— — / V — — / V — V / V — — V / V — / V —

مەفئۇۋلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

يارىپكى ئۆلتۈرۈر مېنى ھىجران قىرانىدا
ھەر قايدا بولسا تەڭرى تەئالا ئەمانىدا

غەم بۇتەسىندە سىزغۇرۇبان ئىمتىھان ئېتەر
بىلمەن نە فىكرى بار يانا بۇ ئىمتىھانىدا

كىرپىكى نەيزەسى بىلە سەفلەرنى سىندۇرۇر
يا رەب نې مۆئجىزنىدۇرۇر ئانىڭ سىنانىدا

تەرسا مەسىھ مەزھەبىنى تەرك ئېتەر ئېدى
گەر كۆرسە ئەردى لەئلىنى ئىيسا زەمانىدا

ھەيرەتتە مەھۋ بولدى كۆرۈپ ئەقلى خۇردەدان
سۆزلەردە تىشلەرى دۈرنى㊴ لەئل كانىدا

ئەۋۋەل قارا كۆزۈڭ تويا كۆرمەي رەۋامۇدۇر
باشىم ئاقاردى ئەينى يىگىتلىك ئەۋانىدا

قالسۇن دېسەڭ ئاتايى ئۆزۈڭدىن جەھاندا ئات
ئاتەڭ يۈگۈرگىل ئۇل كۆزى ئاھۇ ئىنانىدا

203

— V — / — — V — / — — V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف)

گەرچەكىم كۆزدىن سالىپسەن جۆرمى ئەمدادىن مېنى
كۆز ئۆچىندىن بارى مەنئ ئەتمە تەماشادىن مېنى

ھەر كېچە تا سۇبھەدەم زۈلفۇڭ خىيالى ئۇيقۇغا
بىر نەفەس قويماس غەمۇ تەشۋىشۇ سەۋدادىن مېنى

بوساغاڭدا كۆك تىرەر ئەردى باشىم لۇتفۇڭ بىلە
يەرگە چالدىڭ شىشەدەك ئەيۋانى مىنادىن مېنى

بولدى دەريا كۆز ياشىم ھەجرىڭدە بىر ۋەسلىڭ سارى
غەيرى لۇتفۇڭكىم كېچۈرگەي ئۇشبۇ دەريادىن مېنى

دۇنەكۈن بىر فەيلەسۇفى ئاقىلىي كۆرگەن كىشى
ئىلغاي ئالمايدۇر بۇ كۈن مەجنۇنى شەيدادىن مېنى

كۆزلەرىڭدەك بەسكى تۇتتۇم گۇشە ئۆزلەت قافىدا
فەرق ئېتە ئالمايدۇرۇرلار زەررە ئەنقادىن مېنى

بولسا جەننەتدە ئاتايى سەنسىزىن قىلغاي فىغان
سالدىلار دەۋزەخقە دەپ فىردەۋسى ئەئلادىن مېنى

204

— V — — — / V — — — / V — — —

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

شەھا بىزگە نەزەر قىلساڭ نە بولدى
گەدانى مۇئتەبەر قىلساڭ نە بولدى

مېنىڭتەك بىخەبەر قىلساڭ نە بولدى

كۆڭۈل يۈز پارەدۇر گۇل غۇنچە ياڭلىق
سەباتەك بىر گۇزەر قىلساڭ نە بولدى

ئۆتەر ئاھىم ئۇقى توققۇز فەلەكتىن
ۋەفا بىرلە سىپەر قىلساڭ نە بولدى

قارا بەختىم بىگىن ھىجران كېچەسىن
ۋىسالىڭدىن سەھەر قىلساڭ نە بولدى

بەلايىدۇر رەقىب ئاخىر بەلادىن
خۇداي ئۈچۈن ھەزەر قىلساڭ نە بولدى

باقىپ ئۆسرۈك كۆزۈڭدىن ناسىھىمنى

كېتۈردى ماھەزەر جانىن ئاتايى
قەبۇلى ماھەزەر قىلساڭ نە بولدى

205

— — V / V — — / — — — V / V — — —

مەفئۇۇلۇ مەفائىيلۇن مەفئۇۇلۇ مەفائىيلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەب)

ھەجرىڭدە غەمۇ ھەسرەت كۆيدۈردى بەسى بىزنى
فەريادكى ياد ئەتمەس فەريادرەسى بىزنى

كۆز ياشىدا غەرق ئەيلەر ھەر دەم ئەرەسى بىزنى

يەئقۇب بىگىن بولدۇك ⑩ غەم كۈلبەسىدە مەھزۇن
ئەي يۈسۇفى ئىيسادەم سور بىر نەفەسى بىزنى

قويماس سۈچۈك ئۈيقۇغا ئاغزىڭ قاشىدا خالىڭ
ھېچ ئۈيقۇغا قويغايمۇ ئانداق مەگەسى بىزنى

تا باغلادى بويىنۇمنى ئول زۇلفى قاراباغى

سۆز بەھرىدە چۇن دۇرلار ⑪ غەۋس ئەتتۈك ئاتايىتەك
گەر كۆرمەسە ئەل نې غەم مىقدارى خەسى بىزنى

206

— — V / — — — V / — — — V ~

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەقسۇر)

ياڭاغىڭ رەڭگۇ ئاللىندىن مەدەد ھاي
ساقاقىڭ فىتنە خاللىندىن مەدەد ھاي

ساچىڭ زۇلماتىدا ھەيران كۆڭۈلگە
يۈزۈڭ فەرخۇندە فاللىندىن مەدەد ھاي

كۆزۈڭدىن سىھر ئۈچۈن يۈز ئىستىئانەت
بەلاغا مەكرۇ ئاللىندىن مەدەد ھاي

بۇزۇلدى ئۆمرى باقىي ھەجر ئېلىندە
بويۇڭ سەرۋى نىھاللىندىن مەدەد ھاي

سەقاھۇم رەببۇھۇم جامىندىن ئىچكەن
تىلەر لەئلىك زۇلالىندىن مەدەد ھاي

سەبا كېتۈرمەسە زۇلفۇڭ نەسىمىن
ھەرىي بادى شەمالىندىن مەدەد ھاي

بىلىك ئاغزىڭ خىيالى نۇكتەسىندە
ئاتايى قىلدى قالىندىن مەدەد ھاي

207

— —V / V — —V / V — —V / V— —

مەفئۇۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي لالەئى فىردەۋس يۈزۈڭ بىرلە مۇباھى
ھۇسنۇڭ كەبى مىھرىم يۈزۈڭە نامۇتەناھى

نەرگىسلەرىنىڭ زۇلفى سارى تۇشسە نىگاھى

قىل مۇلكۇ مەلاھەتدە نىدايى لىمەنىلمۇلك
چۇن بولدى مۇسەللەم ساڭا ئەي ھۇسن ئېلى شاھى

سۇلتانى جەمال ئولغالى سەن كۆڭلۈم ئۇلۇسىن
گاھ ئولجا قىلۇر گەھ تالار ئول زۇلفى سىپاھى

ئاھۇيى خوتەن بىرلە خىتانى خىجىل ئەيلەر

زۇلفۇڭ سىفەتىن يازماق ئۈچۈن خەستە ئاتايى
ئىككى كۆزىنىڭ ھۇققەسىدە قىلدى سىياھى





وله

وله















www.uyghurkitap.com



















www.uyghurkitap.com



















www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



















ئىزاھاتلار:

① بۇ سۆز قول يازمىدا «بادشاەلار» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
② «ۋەجھۇ» سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى قىسقا بوغۇمغا توغرا كەلمىگەنلىكتىن، مىسرادا ۋەزىن بۇزۇلغان.
③ قول يازمىدا «تانینک کیم» شەكلىدە يېزىلغان.
④ قول يازمىدا «سرّینی» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
⑤ قول يازمىدا «نستراندین» شەكلىدە يېزىلغان.
⑥ بۇ سۆز بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.
⑦ بۇ سۆز قول يازمىدا «درّدیک» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن تەشدىدسىز ئوقۇلدى.
⑧ مىسرادا ۋەزىن بۇزۇلغان.
⑨ بۇ سۆز قول يازمىدا «پازمان» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان.
⑩ بۇ سۆز قول يازمىدا «بویونکی» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
⑪ بۇ سۆز قول يازمىدا «قیلمسام» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان، ۋەزىن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
⑫ بۇ سۆز قول يازمىدا «غمزانک» شەكلىدە يېزىلغان.
⑬ بۇ سۆز قول يازمىدا «قانده» شەكلىدە يېزىلغان، ئەسلىي «قاندا» («قەيەردە، قايدا» دېگەن مەنىلەردە) ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى، بۇ يەردە قاپىيە ئاھاڭدارلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
⑭ بۇ سۆز قول يازمىدا «حسراتیندا» شەكلىدە يېزىلغان.
⑮ بۇ يەردىكى «ساكىن» سۆزى قول يازمىدا «ساکین» شەكلىدە يېزىلغان.
⑯ بۇ سۆز قول يازمىدا «ایلیک» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، «يىللىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
⑰ بۇ يەردىكى «تەك» قوشۇمچىسى قول يازمىدا «تینک» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان.
⑱ بۇ سۆز قول يازمىدا «کونکل» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ۋە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
⑲ بۇ سۆز قول يازمىدا «بس که» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
⑳ بۇ سۆز قول يازمىدا «قیلماس موسانک» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㉑ بۇ سۆز قول يازمىدا «برایشان» شەكلىدە يېزىلغان.
㉒ بۇ سۆز قول يازمىدا «ای» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەسلىي «ئەي» ئوقۇلۇشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر قىسقا «ئى» ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.
㉓ بۇ سۆز قول يازمىدا «کمیو» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەنىسىنى بىلەلمىدۇق. ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئوقۇلدى.
㉔ بۇ سۆز قول يازمىدا «کورونور» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㉕ بۇ يەردىكى «لار» قوشۇمچىسى قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㉖ يۇقىرىقى ئىزاھقا ئوخشاش.
㉗ بۇ يەردىكى «ئاز» سۆزى ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا بوغۇمغا تەڭ ئوقۇلغان.
㉘ بۇ يەردىكى «دا» قوشۇمچىسى قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㉙ بۇ سۆز قول يازمىدا «خطای» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㉚ مىسرادا ۋەزىن بۇزۇلغان.
㉛ بۇ سۆزلەر قول يازمىدا «جمالی نینک کمالی نینک» شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

㉜ بۇ سۆز قول يازمىدا «اوخشاپان» دەپ يېزىلغان.
㉝ بۇ سۆز قول يازمىدا «بى روّى» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن تەشدىدسىز ئوقۇلدى.
㉞ بۇ سۆز قول يازمىدا «بارور» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㉟ بۇ سۆز قاپىيە ئاھاڭدارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㊱ بۇ سۆز قول يازمىدا «تېكالى» شەكلىدە يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.
㊲ قول يازمىدا «فرقاتېنک» شەكلىدە يېزىلغان.
㊳ بۇ سۆز قول يازمىدا «پزمان» شەكلىدە يېزىلغان.
㊴ بۇ سۆز قول يازمىدا «درّىنى» قىلىپ يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن تەشدىدسىز ئوقۇلدى.
㊵ بۇ سۆز قول يازمىدا «بولدوک» شەكلىدە يېزىلغان، بىزنىڭچە ئەسلى «بولدوق» بولۇشى كېرەك ئىدى.
㊶ بۇ سۆز قول يازمىدا «درّلار» شەكلىدە يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن تەشدىدسىز ئوقۇلدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە بايانلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** « ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار ھەققىدە بايانلار» ناملىق بۇ تېكىست «ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ بايانى»، «ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بايانى»، «كومشارلىق ھايۋانلارنىڭ بايانى»، «جانىۋارلارنىڭ ئاۋازى»، «ھايۋانلارنىڭ باللىرىغا تەۋە قائىدىلەر »، «ھايۋان تۇغۇتىنىڭ بايانى»، «مۈرغلارنى تۇتماقنىڭ بايانى»، «ياۋا مۈرغلارنىڭ بايانى»، «ئۇچارلىقلارنىڭ بايانى»، «سايىرىغۇچىلارنىڭ بايانى»دىن ئىبارەت 10 پارچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان. تېكىستلەردىن «ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ بايانى»، «ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بايانى»، «كومشارلىق ھايۋانلارنىڭ بايانى»، «جانىۋارلارنىڭ ئاۋازى»، «ھايۋانلارنىڭ باللىرىغا تەۋە قائىدىلەر»، «ھايۋان تۇغۇتىنىڭ بايانى»نى مۇھەممەد ئەلى داموللا، «مۈرغلارنى تۇتماقنىڭ بايانى»، «ياۋا مۈرغلارنىڭ بايانى»، «ئۇچارلىقلارنىڭ بايانى»، «سايىرىغۇچىلارنىڭ بايانى»نى ئابدۇۋەلى ئاخۇنلار شۋېت مىسسىيونېرى گۇستاف رەكۋېتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن خوتەن قەغىزى ۋە سىزىقلىق پەرەڭ قەغىزىگە يازغان. تېكىستلەر قەشقەردىكى شۋېت مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن يىغىپ ساقلانغان، كېيىن ئۇلار قەشقەردىن ئايرىلغاندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تەركىبىدە شۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى «ياررىڭ يىغمىلىرى»غا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ تېكىستلەر ھازىر گۇننار ياررىڭ يىغىپ توپلىغان «ياررىڭ يىغمىلىرى» نامىدىكى207 ـ نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانماقتا.

بۇ تېكىستلەردە ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار، ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋا قۇشلار، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىق جان ـ جانىۋارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

تېكىستلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتىنشۇناسلىق پرىنسىپى بويىچە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى ھەمدە بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلدى. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى، يېمەك ـ ئىچمىكى قاتارلىق مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قاراپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

## ئوقۇلغۇسى

### ۋەھشى ھەيۋانلارنىڭ بەيانى

يىرتقۇچى ھەيۋان شىردۇر①، كۈچلۈق② بىر ھەيۋاندۇر. كۆكسى كەڭ، باشى چوڭ، گەردەنى③ يوغان، ياللىق ھەيبەتلىك④. دەرەختلىق⑤ جەڭگاللاردا يۈرەرلەر. شىرنى بەبىر ھەم دەرلەر. ھەممە



يىرتقۇ جانۋار ئاراسىدا كۈچلۈق بىر ۋەھشى ھەيۋاندۇر. بىر مۇئتەبەر[6] سەۋداگەر ئايتتىكى[7]: بىزنىڭ بىر تېۋە[8] بىر لايدا پاتىپ ئون ئادەم ئولاشىپ چىقارالماي كېچەسى ياتىپ سەھەر قوپۇپ قايلاساق[9] لايدىن يىگىرمە قەدەم نىرى بىر دەرەخت بار ئىدى. تېۋە دەرەخت ئۈستىدە تۇرادۇر. لاي ئۈستىگە بارىپ كۆرسەك بىر شىرنىڭ ئىزى بار ئىدى. شىر يا بەبر[10] دىگەن تېۋە، ئات، قوتاز، كالا شۇنداغ نەرسەلەرنى ھەم تۇتۇپ يەرلەر. يەنە بىر قىسمىسى يولبارس[11] ئاتارلار. يولبارس شىردەك يوغان ئەمەس. يولبارس يا بارس شىردىن يىڭچكە[12] سۈرەتى مۈشۈك سۈرەتىدە، ئەمما بۇ ھەيۋان ھەم خۇنخار[13] يامان ھەيۋاندۇر. ھەر نېمەكى[14] شىر ئالىپ يېسە بۇ ھەم ئالىپ يەيدۇر. يەنە بىر قىسمى يولبارس جىنسىدىن بار، ئاتى فارسىيدا يۇز ئاتارلار. تۈركىيدە ئەسرە ئايتۇر. بۇ ھەم بىر ۋەھشى ھەيۋاندۇر. ئۈزى چوكۇر ئاتدەك ئاق ئۈستىدە يۇمۇلاق قارا گۈللۈق، بۇ كۈنلەردە ئانىڭ تىرەسى قىرىق ئەللىك سەرغەچە ھىندۇستان[15] سەۋداگەرلارى تاپسا ئالادۇر. شۇبۇ جىنسىدىن ئىكى كۈچۈكىنى گەنىرىل مالىز ساھىبنىڭ[16] ۋاقتىدا چىنى باغقا[17] تىرىك كەلتۈرگەن ئىدى. ئادەم قاشىغا كېلىپ تۇرۇپدۇر، دەرھال چاپان ئۈستىدىن ئادەمنىڭ يوتاسىغا ئاغىز سالغانىنى كۆردۈم. شۇبۇ جىنسىدىن ساف سارىق[18] بىرنى شامىي داموللا[19] تاپىپ مۇھكەم[20] چوڭ بىر يىغاچ قەفەسدە باقتان ئىدى. ئانى ھەم مەن كۆرگەن. شەكلى مۈشۈك شەكلىدە، رەنگى ھەر رەڭ قارا ۋە كۆك. يولبارس بار دەپ خەلق رىۋايەت قىلادۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم. يەنە بىر قىسمى يىرتقۇچ ھەيۋانلاردىن بۆرىدۇر. بۇنى رەنگى كۆكدۇر. قومۇش كۆكىدەك، قومۇش كۆكى پىشقاندا سارغىش بولغاندەك، قومۇش رەنگىدەك، بۆرىنىڭ رەنگى ھەم قومۇشقا مۇۋافىق ھەمىشە بولادۇر.

## ئۆلكۆ ھەيۋانلارنىنىڭ بەيانى

تېۋە بىر ئۆلكۆ ھەيۋاندۇركى[21] قەنائەتلىك، ئۇسسۇزلۇققا چىداشلىق، ئاز يەپ ئاغىر كۆتەرگۈچى ياۋاش بىر ھەيۋاندۇر. ئەمما گىنەچى[22]، يەنە بىر كىشىدىن تاياق يېگەن بولسا ئىنتىقام ئالادۇر. ئانىڭ نەرلەرى قىش كۈنى چىللەدە[23] بۇغراسىغا كىرىپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقارىپ قۇيرۇقىغا سىيىپ ئۇچاسىغا تاشلاپ مەستدەك بولۇپ بىر نەرسە يېمەسلەر. تاكى بۇغرىلىقىدىن چىقىپ بولغۇنچە تولا يامان خەتەرلىك بولۇپ قالادۇر. ۋە يەنە ئاتدۇر. ئانىڭ ئوبدانىنىڭ پادشاھلار ئاراسىدا باھاسى يوقدۇر. چوڭلارغا ئەزىز نەرسەلەر ياخشى ئاتنىڭ قىممىتى چوڭدۇر. يەنە بىرى قاچىردۇر[24]، قاچىر ھەم قىممەت باھا بىر ھەيۋاندۇر. بەئزى قاچىرغا تۆرت يۈز جىڭ يۈك ئارتسا بەلىنى ئەگمەي ماڭادۇر. قايسى خىدمەتنى ئات




قىلسا قاچىر ھەم قىلادۇر. ۋە يەنە بىر ھەيۋان ئېشەكدۇر. ھەم مىنگەلى ھەم تاغار ئارتقالى ياز كۈنلەرى چىداشلىق، ئەمما سوغاقتا ئاجىزراق، خۇسۇس دېھقانلارغا تولا لازىملىق خورەكى㉕ ئاز، ئىشى چوڭ. يەنە بىرى قوتازدۇر، ئۇلكۆدە ئىسسىقتا ئاجىز، ئوتلايدۇرغان يەرى تاغ ئۈستىدە، نە يەردە قار ۋە مۇز بولسا ئۇل يەردە ئوتلايدۇر. تاغ دەۋان ئۆرلەش ئات، قاچىر، ئېشەك ماڭالمايدۇرغان يەردە ئاسانلىق بىلەن يۈك كۆتەرىپ ماڭادۇر. يەنە بىرى كالادۇر، كالا ئوبدان فائىدەلىق بىر ھەيۋاندۇر. خوراكى باشقا ھەيۋانلاردىن تولاراق يەيدۇر. سۈت، قايماق، مەسكە، شۇبۇ جىنسلاردىن چىقادۇر. ئەركەكلارىنى بۇقا دەرلەر. ئۇلارنى كەستۇرۇپ ئاختا قىلىپ ئۆي دەرلەر. دېھقانچىلىقنىڭ ئىشلارىغا كالا بولماسا ئۇلارغا تەرسدۇر㉖. قوش ھەيدەمەكى، خامان تەپمەكى ھەممەنى تەمام تارىلغۇنى كالا بىلەن قىلادۇر. يەنە بىرى قويدۇر. قوي تولا فائىدەلىق㉗ بىر ھەيۋاندۇر. ئانىڭ يۈڭى ۋە ماياقى ۋە ھەم سۈت - قايماقى فائىدەسى تولا ئۆزى يۇۋاش بىر ھەيۋاندۇر. يەنە ئەچكۇ، بۇ ھەم فائىدەلىق بىر ھەيۋاندۇر، سۈتى ئوبدان، ئانىڭ تېرەسى قىرىم㉘ بولادۇر. يۈڭى تىبىت، چۇپۇرىنىڭ تېگىدە تىبىت بار، ئانى قىمەت بەھا شال㉙ قىلادۇر. چۇپۇرىنى ئاغرامچى㉚ قىلادۇر. ئەمما ئەچكۇنىڭ ئاياغى سۇيۇق، بىر يەردە تىنمايدۇرغان بىر ھەيۋاندۇر. يەنە ھەيۋان ئىتدۇر، ئانى ئادەملەر باقادۇر. ئىت ئۆيگە يات ئادەملەرنى كىرگەلى قويمايدۇر. ئۆزى قەنائەتلىك بىر ھەيۋاندۇر ھەم سوغاقتا چىداشلىق، ھەرقانچە ئاچ قالغانى بىرلە ئىگەسىنى تاشلاپ كەتمەيدۇر. ئىت ۋەفادار ھەيۋاندۇر، ئىگەسى نە يەرگە بارسا ئۇل ھەم ئۇل يەرگە بارادۇر ۋە ئىگەسىدىن ئەرگەشىپ ئايرىلمايدۇر. ئۆلكۆ ھەيۋانلارىدىن بىرى مۇشۇكدۇر. مۇشۇك ئۆي بىلەن بىر ئۆيدە كۈنگەن مۇشۇك. مۇشۇك ئىگەسى ئۇل ئۆيدىن كۆچۈپ كەتسە مۇشۇك كۆچۈپ بارغان يەردە تۇرماي ئەۋۋەلقى ئۆيدە قالادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەمسىل سۆز باردۇر: «مۇشۇك ئۆي بىلەن، ئىت ئىگەسى بىلەن». مۇشۇك فائىدەسى ساچقانىنى㉛ يوقالتادۇر㉜. مۇشۇك بار ئۆيگە ساچقان يېقىن كەلمەيدۇر. تاغار، خورجىن㉝ قاچا



ساچقاندىن سەلامەت قالادۇر.

يەنە ئۇچارلىق ئۈلكۈ ھەيۋانلارىدىن توخىدۇر، بۇ ھەم غولدايدۇرغان㉞ فائىدەلىق ھەيۋاندۇر. ئورۇس توخىسىدۇر㉟، توخى توخۇمى ياخشى نەرسەدۇر، بىر توخى ھەر كۈنى بىر توخۇم بەرسە بۇ تولادۇر. ئادەملار توخۇم ئۈچۈن باقارلار. يەنە بىرى ئۆردەكدۇر. بۇ ھەم توخىدەك توخۇم كاكالايدۇر㊱. يەنە بىرى غازدۇر، ئول ھەم توخۇم كاكالايدۇر. ئۆردەك، غاز سۇ بويىدا ۋە يا كۆل بويىدا تۇرادۇر. ئانىڭ توخۇملارىنى توخىغا بوسۇرادۇر㊲. توخۇمنى توخى چىقارادۇر. بىرى كەكلىكدۇر، ئانى سوقاشتۇرماق، ساراماق ئۈچۈن قەفەسدە باقادۇر. يەنە بىرى بەدەنى㊳ ياكى ۋاتۋالاق دەرلەر، ئانى ھەم ساراماق ئۈچۈن باقادۇر. يەنە بىرى ئىلە تورغايى، ئانى ساراماق ئۈچۈن باقادۇر. ئوبدان سارايدۇرغاننىڭ قىممىتى چوڭ، يۈز سەرگەچە بىر تورغاينى ئالادۇر. ۋە يەنە بىر قىسمى تورغاي بار، سوفى تورغاي دەپ، ئانى ھەم قەفەسكە سالىپ باقادۇر. ئانىڭ باشىدا ھۆفەڧ، توخىدەك تاجى بار. ئوبدان سارايدۇرغانىنى㊴ تۆرت بەش سەرگەچە ئالىپ باقادۇر. يەنە قارا قۇچقاچ باقادۇر، تىمۇرچۇق باقادۇر، سىرىق قۇچقاچ باقادۇر، شاتوتى باقادۇر، مىنا㊵ باقادۇر، تورولغو باقادۇر، تىمۇرچۇق ئىككى قىسىمدۇر، بىرى تاغ تىمۇرچۇقى، يەنە بىرى ئۈلكۈ تىمۇرچۇقى㊶، ھەر ئىككىلەسىنى باقادۇر. يەنە ساي ساغىزخانى㊷ ھەم باقادۇر، يەنە تاغ قارغاسىنى ھەم باقادۇر. ئادەم كۆنەدۇرگان جانۋارلار ئاراسىدا كەبۇتەر㊸ ئۇچۇپ بارىپ يەنە كېلەدۇر. ئادەم ئاراسىدا يۈرەدۇرغان جانۋارلار فاختەك㊹، قارغا㊺، قالوغاچ㊻، قارغا، ئاق قۇچقاچ، كاككوك، سوفىيا، سار ۋە يەنە چوڭ ئادەم ئاۋ ئۈچۈن باقادۇر. قارا قۇش قارچىغا، لاچىن شۇمقا، قۇيغۇر㊼، تورۇمتاي بۇلارنى شىكار ئۈچۈن باقادۇر.

## كومشارلىق ھەيۋانلارنىڭ بەيانى



فىل، يولبارس، شىر، ئارسلان، ئەسرە، ئىيىق، توڭغۇز، كىيىپە، دەۋاغان، مولۇن، مۇشۇك، ساچقان، تۈلكى، تىۋە، قاچىر، ئات، ئىشەك، كالا، قوي ئەچكۇ، توشقان، قۇلان، كىيىك، بۇغا، غۇلجا، قوتاز، مايمۇن بۇلارنىڭ بۇرنىنى كومشا دەرلەر.

## جانۋارلارنىڭ ئاۋازى

ئات چىينايدۇر (چىيناماق)، كالا مۆرەيدۇر (مۆرەمەك)، قوي ۋە ئەچكۇ مەرەيدۇر (مەرەمەك)، ئىشەك ھاڭرايدۇر (ھاڭراماق).

ئىت قاۋايدۇر (قاۋاماق)، مۇشۇك مىيقىرايدۇ (مىيقىراماق)، بۆرى ئۇۋۇلويدۇر (ئۇۋۇلۇماق)، يولبارس

ئازنايدۇر (ئازناماق)، ئىتنى ئۇرسا غاڭشايدۇر (غاڭشاماق)، قورساقى ئاچسا ئۇۋلۇيدۇر (ئۇۋلۇماق).

كاككۇك، سوفىياك، ھۆپۈپ قىچقىرادۇر (قىچقىرماق)، توغاي، قارا قوچقاچ، ئاق قوچقاچ، سېرىق قوچقاچ، شاھتوتى، تېمۇرچۇق سارايدۇر (سارااماق)، ئاق قوچقاچنى جىۋىلدايدۇر ھەم دەيدۇر (جىۋىلداماق)، قارغا، پاختەكنى قىچقىرادۇر دەيدۇر. توخى چىرلايدۇر (چىرلاماق)، كەبتەر ياكى كەبۇتەر ئۈندەيدۇر (ئۈندەمەك)، بەدەنى سارايدۇر (سارااماق)، تۇرۇلغۇ قىچقىرادۇر (قىچقىرماق)، غاز ۋاقىرايدۇر (ۋاقىراماق)، سىغىزخان قىچقىرادۇر (قىچقىرماق)، چىبىن، پاشا ۋىڭىلدايدۇر (ۋىڭىلداماق)، ھەرە، كۆكىن غوڭغۇلدايدۇر (غوڭغۇلداماق)، پاقا كوكۇرايدۇر (كوكۇراماق)، سالما چىكىلدايدۇر (چىكىلداماق)، ھەرى قۇش قىچقىرادۇر (قىچقىرماق)، ساچقان ۋىچىلدايدۇر (ۋىچىلداماق)، تۇخۇمى يوق توخى روكۇلدايدۇر (روكۇلداماق). لېكىن، توخى كاكالاپ بولۇپ ۋاتاقلايدۇر (ۋاتاقلاماق).




### ھەيۋانلارنىڭ بالالارىغە مەنسۇب قىلىنغان ئىسىملەر

تېۋە بوتالاقلايدۇر، تېۋە بالاسى بوتالاق (بوتالاماق)
ئات قولۇنلايدۇر، قولان (قولانلاماق)
كالا موزايلايدۇر موزاي (موزايلاماق)
ئىشەك تايخىرلەيدۇر تايخىر (تايخىرلەمەك)
قوي قوزىلايدۇر، قوزى (قوزىلاماق)
ئەچكۈ ئوغلاقلايدۇر، ئوغلاق (ئوغلاقلاماق)
مۈشۈك ئاسلانلايدۇر، ئاسلان (ئاسلانلاماق)
ئىت كۈچۈكلايدۇر، كۈچۈك (كۈچۈكلاماق)




قاناتلىق جانۋارلارنىڭ بالالارىغا مەنسۇب قىلىنغان ئىسىملەر:

توخا چۈجەلەيدۇر، چۈجە، چۈجەلەمەك
كەبۇتەر باچكۇلايدۇر، باچكۇ، باچكۇلاماق

قالغان باقى[48] جانۋارلارنىڭ بالالارىنىڭ ئىسىملارى[49] بالا چىقارماق بىلەن مەنسۇب قىلىپدۇر. قۇشلاردىن تارتىپ ئاق قوچقاچغىچە ئۇلارنىڭ مەنسۇبى بالا چىقارماق بىلەن



مەنسۇب قىلىنىپدۇر، ئۇلار چانگا تىزىپ تۇخۇم قويۇپ بالا چىقارادۇر. ئۇلارنىڭ بالاسى چوجە ياكى باچكۇ ئاتانماپدۇر. بالا تەسنىپ㊿ قىلىپدۇر.

## ھەيۋانىنىڭ كەسەللىرىنىڭ بەيانى تۇغۇتنىڭ بەيانى


حیوان توغوتی نینگ بیانی

ھەيۋان جىنسىنىڭ تۇغۇت كەسەلى كەيفىيەتىنى㊶ كىشى بىلمەيدۇر، ئۇلارنىڭ كېسەلى تۇغار ۋەقتىدە نىھايەت㊷ ياتىپ قوپۇپ تۇغادۇر. ئۇلارنىڭ ئىنسان جىنسى خىلافىدادۇر㊸. خۇداۋەندە قادىر ھەكىم ئەلەل ئىتلاق㊹ ھەيۋانلارغا ئاسان تۇغۇت، ئوڭاي كېسەل بېرىپدۇر. ئانىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قايلا، دايە، ئېنىنگە㊺ كېرەك بولمابدۇر. تولا مەرتەبە㊻ شۇنداغ ۋاقىئە بولۇبدۇر㊼. ھەيۋان ئىگەلەرى ئېغىل قوتانلارىغا كىرىپ، ئۇلارنى تۇغقان ۋە تۇغۇلغان تاپىپدۇرلار. ئول قادىرى ئادىل ھەكىم ئەلەل ئىتلاقنىڭ㊽ قۇدرەتى كامىلەسىدۇر.

ئاتنىڭ كەسەلى ناخۇن ئاتلارغا بۇ كەسەل ئارز㊾ بولادۇر. بۇ كەسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا ۋە كۆزىگە پەيدا بولادۇر. ناخۇن فارسى تىلىدۇر (ناخۇن دەپ تىرناقنى ئايتۇر). ئاتنىڭ كۆزىنىڭ جىيەكى تەرەفىگە بىر قاتىق كۆمەلچەك بىر نەرسە ئاتنىڭ بۇرنىنىڭ تۆبەنى㊿ كامشۇيىنىڭ㊶ يۇقارىنىڭ ئارالىقىغا پەيدا بولادۇر. مەزكۇر كېسەل ئاتنىڭ ئىككى يەرگە پەيدا بولغاندا ئاتنىڭ قورساقى ئەسلىپ㊷ ئاتنى نىھايەت بىئارام قىلادۇر. لېكىن كۆزىنىڭ يامانراقدۇر. ئول پەيدا بولغان كۆمەلچەك سارىق بولۇپ كەتكەن بولسا ئاتنى ئول كەسەل ئۆلتۇرەدۇر. ئەگەر ئاقراق بولسا دەرمەھەل㊸ ئۇستىرە بىلەن ئالىپ تاشلاسا، قورساقىنىڭ ئۇسۇكى يانىپ ساقايادۇر. ۋە يەنە بىر قىسمى كەسەل ئات پۇتىغا پەيدا بولادۇر. ئول قاقاچەك ئاق كەفكەلەنىپ㊹، كېيىن يامانراق بولغاندا ئات پۇتىنى باسالمايدۇر. ئەۋۋەلدە زاغۇن ياغىنى داغلاپ ئافتابىغا㊺ ئالىپ چىقىپ ياغلاسا ساقايادۇر. يەنە بىرسى ماڭقا - پوتلا كەسەللىك، بۇ يامان كەسەلدۇر. ئۆپكەگە تۇشۇپ ئۆلتۈرەدۇر. يەنە بىرى ئاقساقدۇر. تۆرت ئەيىبنىڭ بىرى بار ئاتنى شەرىئەتدە ياندۇرادۇر. تۆرت ئەيىب بىرى ناخۇنە، ئىككىنچى شۇۋەر، ئۈچىنچى ماڭقا، تۆتىنچى توكار، بۇ ئەيبلەر بولسا يانادۇر.

## مۈرغلارنى تۇتماقنىڭ بەيانى

جانۋارلارنىڭ ئاراسىدا ئۇبدان سارايدۇرغانلارى باردۇر. ئانىڭ ئۈچۈن ئەفزەللەرىنى㊻ تۇتۇپ قەپەزغە سولاپ باقادۇر. ئۇلە تورغايى ئۇبدان سارايدۇر، ئانى دانلايدۇرغان يەرگە دان ساچىپ㊼ قويۇپ، ئۇبدان



دانغا ئۆرگەنكەندە يىگىچكى(68) يىغاچنى يۇمۇلاق ئېگىپ تۇزاق ئېتەدۇر. قىلنى يىگىچكى ئەشىپ يىغاچنىڭ ئەترافلارىغا باغلاپ ئوتراسىغا قوزۇق قاقىپ يىق بىلەن تۇزاقنى قوزۇقغا باغلاپ قىلنىڭ ئۈچىنى ھالقا قىلىپ تۇفراق بىلەن ھالقانىڭ نىسفىنى(69) كۆمۈپ يىغاچ تۇزاقنىڭ ئوتراسىغا دان قويۇپ قويادۇر، تۇزاق كۆمۈلۈپ تۇرادۇر. تۇغاي داننىڭ چۆرەسىدە تۇزاقنىڭ ئۈستىدە چۈرگۈلۈپ ماڭىپ يۈرۈپ پۇتى قىلنىڭ ھالقاسىغا ساپىلىپ باغلانىپ قالادۇر. تومۇچۇقنى يەن قەپەز بىلەن تۇتادۇر. يەن قەپەز ئۈچ خانەلىك(70) بولادۇر. ئوترانچى خانەسىغە ئوبدان ئۆرگەنگەن تومۇچۇقتىن بىرنى سولاپ قويادۇر. ئىككى يانداكى خانەسىنىڭ تۆپەسى ئىشىكغە ئوخشا ياپىلىپ تۇرادۇر. تۆپەسىغە كەندىرنى يىلىم بىلەن يەملەپ قويادۇر. قەفەزدەكى تومۇچۇق سايراغاندا جانگالداكى(71) تومۇچۇقلار ئاۋاز ئاڭلاپ ئۇچۇپ كېلىپ، قەپەزنىڭ تۆپەسغە قونغاندا تۆپەسى تېگىگە باسىلىپ تومۇچۇقلار سىيرىلىپ ئىچىغە تۇشەدۇر. ئىشىك يەنە دەسلەپدەكىدەك تۇرادۇر. شۇنداغ قىلىپ تولا تومۇچۇقلارنى تۇتوپ ئالادۇر. بىدىنە(72) دىگەن جانۋارنى تور قويۇپ تۇتادۇر. قارا قۇچقاچ، ئاق قۇچقاچ، سارىق قۇچقاچ، كەكلىك، شاخ ساناغۇچ، تارانچى، سوفى سوفىياك بۇلارنى كىچىك ۋاقتىدا ئۇۋاسىدىن ئالىپ باقادۇر. ياۋا ئۆردەك، قىرغول، غاز بۇلارنى مىلتىق بىلەن ئاتىپ ئالادۇر. لاچىن، شۇڭقار بۇلارنىڭ بالالارىنى ئۇۋاسىدىن ئالىپ باقىپ ئۆرگەتىپ ئۆردەك، غاز، قارغا كەبۇتەرلەرنى ئالدۇرادۇر. قارا قۇشنىڭ بالاسىنى توشقان، كىيىك، تۈلكى، مولۇن، داۋغان، سولەيسۇن شۇنداغ تاغلاردا يۈرۈيدۇرغان يىلۋىسۇنلارنى(73) ئالدۇرۇپ ئۆرگەتەدۇر. قاراقۇش، لاچىن، شۇڭقار ئوردا (ئۇۋدا) ھەر نېمەنى ئالسا پۇتى بىلەن قارماپ ئالادۇر. ئىگەسى ئاجراتىپ ئالماغۇنچە قويۇپ بەرمەيدۇر.

## ياۋا مۇرغلارنىڭ بەيانى

قاراقۇش، لاچىن(74)، كۆك سار، مۇشۇكياپالاق، سار، جاغالمان(75) بۇلار ھەم ئۆلكۆدە يۈرۈيدۇر. تولاراق تاغلاردا يۈرۈپ تاغلارنىڭ كاۋاكلارىدا ئۇۋلاپ، تۇخۇم قويۇپ بالا چىقارادۇر. بالالارى بىر جۇفدىن زىيادە بولمايدۇر. سار، جاغالمان بەئزىدە ئۆلكۈنىڭ ئېگىز تېرەكلەرىدە ھەم ئۇۋلايدۇر. تۇئمەسىغە جانۋارلارنى تۇتۇپ يەيدۇر. بالالارىغا ھەم ئالىپ كېلىپ بېرىپ يېيىشنى ئۆرگەتەدۇر. غاز، ھانغۇق(76)، بىغىيتاق،

بۇلاق 2017.3 BULAK


باوا مرغ لارنینک بیانی

چۈشۈنىدەك، ھۆدھۆد⑦⑦ بۇلار ئىگىز يارلارنىڭ كاۋاكلىرىدا ئۇۋلايدۇر. تۇخۇمىسىغا ساس قورۇتى، ئۇششاق بىلىق، دان ۋە قورۇتلارنى تېپىپ يەپ تېرىكچىلىك قىلادۇر. بالالارى بىر جۈپتىن زىيادە بولمايدۇر. ياۋا ئۆردەك ساسلىقداكى يېكەنلەرنىڭ ئاراسىغا چانگا تىزىپ تۇخۇم قويادۇر. بالالارى توخانىڭكىدەك تولا بولادۇر. گوشتىنى⑦⑧ يېگەلى بولادۇر. قىرغۇل جانگاللاردا دانلاپ يۈرۈيدۇر، قومۇشلارنىڭ ئاراسىغا ئۇۋا تىزىپ تولا كاكالايدۇر. توخانىڭ چۈجەلەرىنى ئەرگەشتۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلىپ ئۇچۇرادۇر. بۇلار تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ يەيدۇر، تۇمشۇقلۇق قۇش دەرلەر.

## ئۇچارلىقنىڭ بەيانى


اوچارلیق لارنینک بیانی

ئۇچارلىق جانۋارلارنىڭ بەئزىلەرى دەرەختلەردە يۈرۈيدۇر، بەئزىلەرى يەردە يۈرۈيدۇر، بەئزىلەرى يازدا كەنتلەردە يۈرۈپ قىش ۋەقتىدە ئىسسىق يۇرتلەرگە كېتىپ بالا چىقارادۇر. لەگلەك ئېگىز تېرەكنىڭ ئاچاماقىغا چانگا تىزىپ بىر جۈپ بالا چىقارادۇر. غىزاسىغا ئۇششاق جانۋارلارنىڭ يىڭى ئۇچقان بالالارىنى تۇتۇپ ئالىپ كېلىپ باقادۇر. قەلەندەرەك بېلىق ئالغۇچ ساسلىقداكى يېكەنلەرنىڭ ئاراسىغا چانگا تىزىپ بىر جۈفدىن بالا چىقارىپ غىزاسىغا ساسنىڭ قورۇتلارىنى ئۇششاق بېلىقلارنى تۇتۇپ بېرىپ، چوڭ چوڭ بولغاندا ئۇچۇرۇپ كېتەدۇر. تۇرۇمتاي، تۇرۇلغا، كاككۇك، غورۇلاي قارا قۇچقاچ، سوفى سوفىياڭ، شاخ ساناغۇچ، سۇندۇك، جىگدىچۇك، قالۇغاچ، تومۇچۇق، تارانچا، سېغىزخان، تام تارانچىسى، سېرىق قۇچقاچ، تۇرۇلغا، توغاي، جىتىلداغاق، بىدىنە، چۈلاك توغاي، چاخچى بۇ قىسىم جانۋارلار دەرەختلارنىڭ، ئوتلارنىڭ ئاراسىغا چانگا تىزىپ

تەخمىنەن ئىككى جۈپ ياكى ئۈچ جۈپ تۇخۇم قويۇپ بالا چىقارادۇر. غىزاسىغا قۇرۇت، چېكەتكۇ[79]، پاشا، چىبىنلارنى[80] تۇتۇپ ئالىپ كېلىپ بېرىپ باقادۇر. بالالارى ئۇچقاندا ئارقاسىدا ئەرگەشتۇرۇپ يۇرۇپ ھەم يېيىشنى ئۆرگەتەدۇر. كاتتا بولغاندا ئەركەك تىشىلارى بىر-بىرلەرى بىرلە جۇفلاشىپ ئاتا-ئانالارىدىن ئايرىلىپ كېتىپ بۆلەك دەرەختلەرگە چانگا تىزىپ تۇخۇم چىقىرادۇر. كۈز ۋەقتىدا ئىسسىق يۇرتلارگە كېتىپ ياز بولغاندا يەنە يېنىپ كېلەدۇر. قارغا يازدا سوغاقراق يەردە يەئنى تاغلاردا قىشدا ئۆلكۈد يۆتكۈلۈپ يۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزەدۇر. تاغلارنىڭ كاۋاكلارىدا ۋە ئىگىز دەرەختلەرگە چانگا تىزىپ تۇخۇم قويۇپ بىر جۈپ بالا چىقارادۇر. غىزاسىغا ئۆلگەن ھەيۋانلارنىڭ تاپلارىنى ۋە دان، قۇرۇت، قوڭغۇز، پاقا، كەسلەنچۈكلەرنى يەيدۇر. بۇلار تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ يەيدۇر. بۇلارنى تۇمشۇغلۇق جانۋار دەرلەر.

## يەشمىسى

## ۋەھشي ھايۋانلارنىڭ بايانى

شىر كۈچلۈك يىرتقۇچ ھايۋاندۇر. ئۇنىڭ كۆكسى كەڭ، بېشى چوڭ، گەدىنى يوغان، يالىلىق ۋە ھەيۋەتلىك. دەرەخلىك جاڭگاللاردا يۈرىدۇ. شىرنى «بەبر»مۇ دەيدۇ. ھەممە يىرتقۇچ جانىۋارلار ئارىسىدا كۈچلۈك بىر ۋەھشي ھايۋاندۇر. بىر مۆتىۋەر سودىگەر ئېيتتىكى: «بىزنىڭ بىر تۆگە لايدا پېتىپ قېلىپ، ئون ئادەم ئۇلىشىپ چىقىرالمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئاخشىمى يېتىپ سەھەر قوپۇپ قارىساق لايدىن يىگىرمە قەدەم نېرىدا بىر دەرەخ ئۈستىدە تۇرىدۇ. لاينىڭ قېشىغا بېرىپ قارىساق، بىر شىرنىڭ ئىزى بار ئىكەن». شىر (ياكى بەبر) تۆگە، ئات، قوتاز، كالىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. يەنە بىر خىلىنى يولۋاس (ياكى بارس) دەپ ئاتايدۇ. يولۋاس شىردەك يوغان ئەمەس، بەستى شىردىن كىچىكرەك، شەكلى مۈشۈككە ئوخشايدۇ، ئەمما بۇ ھايۋانمۇ قانخور ھايۋاندۇر. شىر يېگەن ھەرقانداق نېمىنى ئۇمۇ ئېلىپ يەيدۇ. يەنە بىر خىلى يولۋاس تۈرىدىكى بىر ھايۋان بار بولۇپ، ئۇنى پارسچىدا «يۇز» دەپ ئاتايدۇ. بۇمۇ بىر ۋەھشي ھايۋاندۇر. ئۆزى چوكۇر ئاتتەك ئاق، ئۈستى يۇمىلاق قارا گۈللۈك، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تېرىسىنى قىرىق-ئەللىك سەرگىچە ھىندىستان سودىگەرلىرى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۈچۈكىنى گېنېرال مالىز جانابلىرىنىڭ ۋاقتىدا چىنىباغقا تىرىك كەلتۈرگەنىدى. ئادەم قېشىغا كەلسە، دەرھال چاپان ئۈستىدىن ئادەمنىڭ يوتىسىغا ئېغىز سالغانىنى كۆردۈم. مۈشۈنىڭدىن ساپسېرىق بىرىنى شامى داموللا دېگەن ئادەم تېپىپ مەھكەم چوڭ بىر ياغاچ قەپەستە باققانىدى. ئۇنى مەنمۇ كۆرگەنىدىم، ئۇ مۈشۈك شەكلىدە، قارا، كۆك ھەر خىل رەڭدە ئىدى. يەنە بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋان بۆرىدۇر. ئۇنىڭ رەڭگى قومۇش كۆكىدەك كۆك رەڭدە، قومۇش كۆكى سارغۇچ بولغاندا بۆرىنىڭ رەڭگىمۇ قومۇشقا ئوخشاش بولىدۇ.

## ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بايانى

تۆگە بىر ئۆي ھايۋىنى بولۇپ، قانائەتلىك، ئۇسسۇزلۇققا چىداشلىق، ئاز يەپ، ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان ياۋاش ھايۋان. ئەمما، ئۇ ئىنتايىن ئاداۋەتچى ھايۋان بولۇپ، بىر كىشىدىن تاياق يېگەن بولسا ئىنتىقام ئالىدۇ. ئۇنىڭ نارلىرى (ئەركەكلىرى) قىش كۈنى چىلىلدە بوغرىسىغا كىرىپ ئېغىزىدىن كۆپۈك

چىقىرىپ قۇيرۇقىغا سىيىپ، ئۇچىسىغا تاشلاپ مەستتەك بولۇپ بىر نەرسە يېمەيدۇ. تاكى بۇغىرلىقىدىن چىقىپ بولغۇچە بەك خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر ئۆي ھايۋىنى ئاتتۇر. ئۇنىڭ ياخشىسىنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت. يەنە بىرى قېچىردۇر، قېچىرمۇ قىممەت باھالىق بىر ھايۋاندۇر. بەزى قېچىرغا تۆت يۈز جىڭ يۈك ئارتسا بېلىنى ئەگمەي ماڭىدۇ. ئات قايسى خىزمەتنى قىلسا، قېچىرمۇ شۇنى قىلىدۇ. يەنە بىر ھايۋان ئېشەك بولۇپ، ھەم مىنگىلى، ھەم تاغار ئارتقىلى بولىدۇ. ياز كۈنلىرى چىداشلىق، ئەمما سوغۇققا ئاجىزراق، ئاساسەن دېھقانلارغا كۆپرەك لازىم بولىدۇ. يېمىكى ئاز، ئىشى چوڭ. يەنە بىرى قوتازدۇر، تۈزلەڭدە ئىسسىققا ئاجىز، ئوتلايدىغان يېرى تاغ ئۈستىدە بولۇپ، نەدە قار ۋە مۇز بولسا شۇ يەردە ئوتلايدۇ. تاغ - داۋانلاردىكى ئات، قېچىر، ئېشەك ماڭالمايدىغان يەردە ئاسانلا يۈك كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. يەنە بىرى كالىدۇر، كالا ناھايىتى پايدىلىق بىر ھايۋاندۇر. يېمىكى باشقا ھايۋانلاردىن كۆپرەك. سۈت، قايماق، مەسكە، شۇبۇ دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. ئەركەكلىرىنى بۇقا دەيدۇ. ئۇلارنى كەستۈرۈپ ئاختا قىلىپ ئۆي دەيدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ ئىشلىرىغا كالا بولمىسا تەس بولىدۇ. دېھقانلار قوش ھەيدەش، خامان تېپىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كالا بىلەن قىلىدۇ. يەنە بىرى قويدۇر. قوي بەك پايدىلىق بىر ھايۋاندۇر. ئۇنىڭ يۇڭى، مايىقى ۋە سۈت - قايماقلىرى بەك پايدىلىق، ئۆزى ياۋاش بىر ھايۋاندۇر. يەنە ئۆچكىمۇ پايدىلىق ھايۋاندۇر، ئۇنىڭ سۈتى ئوبدان، تېرىسىدىن قىرىم چىقىدۇ. يۇڭى تىۋىت، چۈپۈرىنىڭ تېگىدە تىۋىت بار، ئۇنى قىممەت باھالىق شال قىلىدۇ. چۈپۈرىنى ئارغامچا قىلىدۇ. ئەمما، ئۆچكە ئايغى سۈيۈق، بىر يەردە تىنمايدىغان بىر ھايۋاندۇر. يەنە بىرى ئىتتۇر، ئۇنى ئادەملەر باقىدۇ. ئىت ئۆيگە يات ئادەملەرنى كىرگىلى قويمايدۇ. ئۆزى قانائەتلىك ھايۋان بولۇپ، سوغۇققا چىداشلىق، ھەرقانچە ئاچ قالسىمۇ ئىگىسىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئىت ۋاپادار ھايۋاندۇر، ئىگىسى نەگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرى مۈشۈكتۇر. مۈشۈك ئۆيگە كۆنىدۇ، مۈشۈك ئىگىسى شۇ ئۆيدىن كۆچۈپ كەتسە، مۈشۈك كۆچۈپ بارغان يەردە تۇرماي ئەسلىدىكى ئۆيدە قالىدۇ. شۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر تەمسىل بار: « مۈشۈك ئۆي بىلەن، ئىت ئىگىسى بىلەن». مۈشۈكنىڭ پايدىسى ئۇ چاشقاننى يوقىتىدۇ. مۈشۈك بار ئۆيگە چاشقان يېقىن كەلمەيدۇ. تاغار، خۇرجۇن - قاچا چاشقاندىن سالامەت قالىدۇ.

يەنە ئۇچارلىق ئۆي ھايۋانلاردىن توخۇ بار، بۇمۇ بەك كۆپىيىدىغان پايدىلىق ھايۋاندۇر. يەنە ئۇرۇس (كۇركە توخۇ) توخۇسى بار ، توخۇ تۇخۇمى ياخشى نەرسە، بىر توخۇ ھەر كۈنى بىر تۇخۇم تۇغۇپ بەك تېز كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملەر توخۇنى تۇخۇم ئۈچۈن باقىدۇ. يەنە بىرى ئۆردەكتۇر. بۇمۇ توخۇدەك تۇخۇم تۇغىدۇ. يەنە بىرى غازدۇر، ئۇمۇ ھەم تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۆردەك، غاز سۇ بويىدا ۋە ياكى كۆل بويىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى توخۇغا باستۇرىدۇ. تۇخۇمنى توخۇ چىقىرىدۇ. يەنە بىرى كەكلىكتۇر، ئۇنى سوقۇشتۇرۇش، سايرىتىش ئۈچۈن قەپەستە باقىدۇ. يەنە بىرى بۆدۈنە ياكى ۋىتۋالاق بولۇپ، ئۇنىمۇ سايرىتىش ئۈچۈن باقىدۇ. يەنە بىر ئىلى تورغىيى، ئۇنى سايرىتىش ئۈچۈن باقىدۇ، ياخشى سايرايدىغىنىنىڭ قىممىتى چوڭ بولۇپ، بىرىنى يۈز سەرگىچە ئالىدۇ. يەنە بىر خىل تورغاي بار، ئۇنى سوپىتورغاي دەيدۇ، ئۇنىمۇ قەپەسكە سېلىپ باقىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ھۆپۈپنىڭ تاجىدەك تاج بار. ئوبدان سايرايدىغىنىنى تۆت - بەش سەرگىچە ئېلىپ باقىدۇ. يەنە قارا قۇشقاچ، تۆمۈرچۇق، سېرىققۇشقاچ ، شاتۇتى ، مىنا ، تورۇلغۇلارنى باقىدۇ. تۆمۈرچۇق ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى تاغ تۆمۈرچۇقى، يەنە بىرى ئۆي تۆمۈرچۇقى، ھەر ئىككىلىسىنى باقىدۇ. يەنە ساي سېغىزخانىنىمۇ باقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاغ قاغىسىنىمۇ باقىدۇ. ئادەم كۆندۈرىدىغان جانىۋارلار ئارىسىدا كەپتەر ئۇچۇپ بېرىپ يەنە كېلىدۇ. ئادەم ئارىسىدا يۈرىدىغان جانىۋارلار پاختەك، قاغا، قارلىغاچ، ئاققۇشقاچ، كاككۇك، سوپىسوپىياڭ قاتارلىقلار.

سارنى كىشىلەر ئىۋۇ ئۇچۇن باقىدۇ. قارا قۇش، قارچىغا، لاچىن شۇڭقار، قۇيغۇر (قۇرغۇي)، تۇرۇمتايلارنى شىكار ئۇچۇن باقىدۇ.

## كومشارلىق ھايۋانلارنىڭ بايانى

پىل، يولۋاس، شىر، ئارسلان، ئەسرە، ئېيىق، توڭگۇز، كىرپە، داۋىغان، مولۇن، مۇشۇك، چاشقان، تۈلكە، تۆگە، قېچىر، ئات، ئېشەك، كالا، قوي، ئۆچكە، توشقان، قۇلان، كېيىك، بۇغا، غۇلجا، قوتاز، مايمۇن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بورنىنى «كومشار» دەيدۇ.

## جانىۋارلارنىڭ ئاۋازى

ئات كىشنەيدۇ (كىشنىمەك)، كالا مۆرەيدۇ (مۆرىمەك)، قوي ۋە ئۆچكە مەرەيدۇ (مەرىمەك)، ئېشەك ھاڭرايدۇ (ھاڭرىماق).

ئىت قاۋايدۇ (قاۋىماق)، مۇشۇك مىرقىرايدۇ (مىرقىرىماق)، بۆرە ھۇۋلايدۇ (ھۇۋلىماق)، يولۋاس ئازنايدۇ (ئازنىماق)، ئىتنى ئۇرسا غىڭشىيدۇ (غىڭشىماق)، قورسىقى ئاچسا ھۇۋلايدۇ (ھۇۋلىماق).

كاككۇك، سوپىسوپىياڭ، ھۆپۈپ قىچقىرىدۇ (قىچقىرماق)، تورغاي، قاراقۇشقاچ، ئاققۇشقاچ، سېرىققۇشقاچ، شاتوتى، تومۇچۇق سايرايدۇ (سايرىماق)، ئاققۇشقاچنى جىۋىلدايدۇ دەيدۇ (جىۋىلدىماق)، قاغا، پاختەكنى قىچقىرىدۇ دەيدۇ. توخۇ چىللايدۇ (چىللىماق)، كەپتەر ئۈنلەيدۇ (ئۈنلىمەك)، بۆدۈنە سايرايدۇ (سايرىماق)، تۇرۇلغۇ قىچقىرىدۇ (قىچقىرماق)، غاز ۋارقىرايدۇ (ۋارقىرىماق)، سېغىزخان قىچقىرىدۇ (قىچقىرماق)، چۈرۈن، پاشا ۋىڭىلدايدۇ (ۋىڭىلدىماق)، ھەرە، كۆكيۇن غوڭۇلدايدۇ (غوڭۇلدىماق)، پاقا كۇركىرايدۇ (كۇركىرىماق)، سالما چىكىلدايدۇ (چىكىلدىماق)، ھەرە قۇش قىچقىرىدۇ (قىچقىرماق)، چاشقان ۋىچىلدايدۇ (ۋىچىلدىماق)، توخۇمى يوق توخۇ روكۇلدايدۇ (روكۇلدىماق). لېكىن، توخۇ تۇغۇپ بولۇپ ۋاتاقلايدۇ (ۋاتاقلىماق).

## ھايۋانلارنىڭ باللىرىغا مەنسۇپ قائىدىلەر

تۆگە بوتىلاقلايدۇ ــ تۆگە بالىسى بوتىلاق (بوتىلاماق)
ئات قۇلانلايدۇ ــ قۇلان (قۇلانلىماق)
كالا موزايلايدۇ ــ موزاي (موزايلىماق)
ئېشەك تەخەيلەيدۇ ــ تەخەي (تەخەيلىمەك)
قوي قوزىلايدۇ ــ قوزا (قوزىلىماق)
ئۆچكە ئوغلاقلايدۇ ــ ئوغلاق (ئوغلاقلىماق)
مۇشۇك ئاسلانلايدۇ ــ ئاسلان (ئاسلانلىماق)
ئىت كۈچۈكلەيدۇ ــ كۈچۈك (كۈچۈكلىمەك)

## قاناتلىق جانىۋارلارنىڭ باللىرىغا مەنسۇپ قائىدىلەر

توخۇ چۆجىلەيدۇ ــ چۆجە (چۆجىلىمەك)

كەپتەر باچكىلايدۇ ـــ باچكا (باچكىلىماق)

باشقا جانىۋارلارنىڭ باللىرىنىڭ ئىسىملىرى بالا چىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. قۇشلاردىن تارتىپ ئاققۇشقاچىقىچە ھەممە ئۇچار قۇشلار بالا چىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار چاڭگا تىزىپ تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ باللىرى چۆجە ياكى «باچكا» دەپ ئاتالماي، «بالا» دەپ ئاتالغانىكەن.

## ھايۋان كېسەللىكلىرىنىڭ بايانى ۋە تۇغۇتنىڭ بايانى

ھايۋانلارنىڭ تۇغۇت ئەھۋالىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار تۇغىدىغان چاغدا يېتىپ ـ قوپۇپ تۇغىدىغان بولۇپ، بۇ ھالىتى ئىنسانلارنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ تۇغۇتى ئوڭاي بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا تۇغۇت ئانىسى كېرەك بولمايدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئىگىسى ئېغىل ـ قوتانلارغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىقىنى بايقايدۇ. ئادەتتە ئاتلار كۆپىنچە «ناخۇن» كېسىلى بولىدۇ. بۇ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىدا ۋە كۆزىدە بولىدۇ. «ناخۇن» پارسچە سۆز بولۇپ، «تىرناق» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاتنىڭ كۆزىنىڭ جىيەك تەرىپى ۋە بۇرنىنىڭ تۆۋەن تەرىپى، كومشارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە قاتتىق كۆمۈرچەك بىر نەرسە پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەل ئاتنىڭ ئىككى يېرىگە پەيدا بولغاندا ئاتنىڭ قورسىقى ئېشىلىپ ئاتنى ناھايىتى بىئارام قىلىدۇ، لېكىن كۆزىگە چىققىنى بەك خەتەرلىك. كۆمۈرچەك كۆزگە چىققاندا ئاتنىڭ كۆزى سارغىيىپ، بەزىدە شۇ كېسەل بىلەن ئۆلىدۇ. ئەگەر ئاقراق بولسا ئۇستىرا بىلەن ۋاقتىدا ئېلىۋەتسە قورسىقىنىڭ ئېشىكى يېنىپ ساقىيىدۇ. يەنە بىر خىل كېسەل ئاتنىڭ پۇتىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ دەسلەپتە قاقاچتەك كېپەكلىشىپ، كېيىن يامانراق بولغاندا ئات پۇتىنى باسالمايدۇ. دەسلەپتە زاغۇن يېغىنى داغلاپ ئاپتاپقا ئېلىپ چىقىپ ياغلىسا ساقىيىدۇ. يەنە بىرى ماڭقا ـ پوتلا كېسەللىكى بولۇپ، بۇ خەتەرلىك كېسەلدۇر، (بۇ كېسەل) ئۆپكىگە چۈشۈپ ئۆلتۈرىدۇ. يەنە بىرى ئاقساقتۇر. بۇ تۆت ئەيىبنىڭ بىرى ناخۇن، ئىككىنچىسى شۇەر، ئۈچىنچىسى ماڭقا، تۆتىنچىسى توكۇر، بۇ ئەيىبلەرنىڭ بىرەرسى بولغان ئاتنى ھېچكىم ئالمايدۇ (بىلمەي ئالغان بولسا) قايتۇرىدۇ.

## قۇشلارنى تۇتماقنىڭ بايانى

جانىۋارلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى سايرايدىغانلىرىنى تۇتۇپ قەپەسكە سولاپ باقىدۇ. ئىلى تورغىيى ياخشى سايرايدۇ، ئۇنى دانلايدىغان يەرگە دان چېچىپ قويۇپ، دانغا ئۇبدان ئۆگەنگەندە ئىنچىكە ياغاچنى يۇمىلاق ئېگىپ تۇزاق ئېتىدۇ. قىلنى ئىنچىكە ئېشىپ ياغاچنىڭ ئەتراپىغا باغلاپ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىپ، يىپ بىلەن تۇزاقنى قوزۇققا باغلاپ، قىلنىڭ ئۇچىنى ھالقا قىلىپ، توپا بىلەن ھالقىنى يېرىم كۆمۈپ ياغاچ تۇزاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا دان قويىدۇ، تۇزاق كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. تورغاي داننىڭ ئەتراپىدا تۇزاقنىڭ ئۈستىدە چۆرگىلەپ مېڭىپ يۈرۈپ پۇتى يۈرىدىغان يىلۋىسۇنلارنى ئالدۇرۇپ ئۆگىتىدۇ. قاراقۇش، لاچىن، شۇڭقارلار ھەرقانداق نېمىنى ئالسا پۇتى بىلەن قاماپ ئالىدۇ. ئىگىسى ئاجرىتىپ ئالمىغۇچە قويۇپ بەرمەيدۇ.

## ياۋا قۇشلارنىڭ بايانى

قاراقۇش، لاچىن، كۆكسار، مۇشۇكياپىلاق، سار، جاغالمانلار كەنتلەردىمۇ يۈرىدۇ. لېكىن، تولىراق

تاغلاردا يۈرۈپ تاغلارنىڭ كاۋاكلىرىدا ئۇۋۇلاپ، تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىدۇ. باللىرى بىر جۈپتىن زىيادە بولمايدۇ. سار، جاغالمان بەزىدە كەنتلەرنىڭ ئېگىز تېرەكلىرىدىمۇ ئۇۋۇلايدۇ. يېمىكىگە جانىۋارلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. باللىرىغىمۇ يېيىشنى ئۆگىتىدۇ. غاز، ھاڭغۇق، بىغىرتاق، چۆغۈندەك، ھۆپۈپلەر ئېگىز يارنىڭ كاۋاكلىرىدا ئۇۋۇلايدۇ. يېمىكىگە سازلىق قۇرتى، ئۇششاق بېلىق، دان ۋە قۇرتلارنى تېپىپ يەيدۇ. باللىرى بىر جۈپتىن زىيادە بولمايدۇ. ياۋا ئۆردەك سازلىقتىكى يېكەنلەرنىڭ ئارىسىغا چاڭگا تىزىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. باللىرى توخۇنىڭكىدەك كۆپ بولىدۇ. گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ. قىرغاۋۇل چاڭگاللاردا دانلايدۇ، قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا ئۇۋا تىزىپ نۇرغۇن تۇخۇم تۇغىدۇ. توخۇنىڭ چۆجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلىپ ئۇچۇرىدۇ. بۇلار تومشۇقى بىلەن چوقۇپ يەيگەچكە تومشۇقلۇق جانىۋار دېيىلىدۇ.

## ئۇچار قۇشلارنىڭ بايانى

ئۇچار قۇشلارنىڭ بەزىلىرى دەرەخلەردە يۈرىدۇ، بەزىلىرى يەردە يۈرىدۇ، بەزىلىرى يازدا كەنتلەردە يۈرۈپ قىش ۋاقتىدا ئىسسىق يۇرتلارغا كېتىپ بالا چىقىرىدۇ. لەيلەك ئېگىز تېرەكنىڭ ئاچىمىقىغا چاڭگا تىزىپ بىر جۈپ بالا چىقىرىدۇ. غىزاسىغا ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ يېڭى ئۇچقان باللىرىنى تۇتۇپ كېلىپ باقىدۇ. قەلەندىرەك بېلىقئالغۇچ سازلىقتىكى يېكەنلەرنىڭ ئارىسىغا چاڭگا تىزىپ، بىر جۈپتىن بالا چىقىرىپ غىزاسىغا سازلىقنىڭ قۇرتلىرىنى، ئۇششاق بېلىقلارنى تۇتۇپ بېرىپ چوڭ بولغاندا ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. تۇرۇمتاي، تورۇلغا، كاككۇك، غورۇلاي، قارا قۇشقاچ، سوپىسوپىياڭ، شاخسانىغۇچ، سوندۇك، جىگدىچۇك، قارلىغاچ، تومۇچۇق، تارانچى، سېغىزخان، تام تارانچىسى، سېرىققۇشقاچ، تورۇلغا، تورغاي، جىتىلدىغاق، بۆدۈنە، چۇلاڭ تورغاي، شاخچى دېگەندەك جانىۋارلار دەرەختلەرنىڭ، ئوتلارنىڭ ئارىسىغا چاڭگا تىزىپ تەخمىنەن ئىككى جۈپ ياكى ئۈچ جۈپ تۇخۇم تۇغۇپ بالا چىقىرىدۇ. غىزاسىغا قۇرت، چېكەتكە، پاشا، چىۋىنلارنى تۇتۇپ كېلىپ باللىرىغا بېرىپ باقىدۇ. باللىرى ئۇچقاندا ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ يېيىشنى ئۆگىتىدۇ. چوڭ بولغاندا ئەركەك – چىشىلىرى بىر – بىرى بىلەن جۈپلىشىپ ئاتا – ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ باشقا دەرەخلەرگە چاڭگا تىزىپ تۇخۇم چىقىرىدۇ. كۈز ۋاقتىدا ئىسسىق يۇرتلارغا كېتىپ ياز بولغاندا يەنە يېنىپ كېلىدۇ. قاغا يازدا سوغۇقراق يەردە، يەنى تاغلاردا، قىشتا كەنتكە كېلىپ يۈتكىلىپ يۈرۈپ كۆن ئۆتكۈزىدۇ. تاغلارنىڭ كاۋاكلىرىدا ۋە ئېگىز دەرەخلەرگە چاڭگا تىزىپ تۇخۇم تۇغۇپ بىر جۈپ بالا چىقىرىدۇ. غىزاسىغا ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ (تاپلارنىڭ) گۆشلىرىنى ۋە دان، قۇرت – قوڭغۇز، پاقا، كەسلەنچۈكلەرنى يەيدۇ. بۇلار تومشۇقى بىلەن چوقۇپ يەيدۇ، شۇڭا بۇلار تومشۇقلۇق جانىۋار دېيىلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ھەيۋان — جانلىق، ھايۋان
② كۆچلۈق — كۈچلۈك
③ گەردەن — گەدەن
④ ھەيبەتلىك — ھەيۋەتلىك
⑤ دەرەختلىق — دەرەخلىك
⑥ مۇئتەبەر — مۆتىۋەر، ياشانغان
⑦ ئايتتىكى — ئېيتتىكى
⑧ تېۋە — تۆگە
⑨ قايلاساق — قارىساق
⑩ بەبر — شىر

11 يولبارس — يولۋاس
12 يىڭنىچكە — ئىنچىكە
13 خۇنخار — گۆشخور، قانخور
14 ھەر نېمەكى — ھەر نېمىنى، ھەرقانداق نەرسىنى
15 ھىندۇستان — ھىندىستان
16 گېنېرىل مالىز ساھىب — گېنېرال مالىز جانابلىرى، بۇ كىشى مىنگو دەۋرىدىكى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇل خادىمى.
17 چىنى باغ — ھازىرقى قەشقەر چىنىباغ، بۇ جاي مىنگو دەۋرىدە چەت ئەل كونسۇلخانىسى جايلاشقان ئورۇن بولغان.
18 ساف سارىق — ساپسېرىق
19 شامىي دامولىلا — قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن بىرى.
20 مۇھكەم — مەھكەم
21 ئۆلكۇ ھەيۋان — ئۆلكە ھايۋى، ئۇي ھايۋىنى، مەھەللە ھايۋىنى
22 گىنەچى — ئاداۋەتچى
23 چىللە — تۆتىنچى ئاي
24 قاچىر — قېچىر
25 خورەك — يېمەكلىك، يەم - خەشەك
26 تەرس — تەس، قىيىن
27 فائىدەلىق — پايدىلىق
28 قىرىم — قىرىم، خورۇم
29 شال — يۇڭدىن توقۇلغان قېلىن تۆتىلىق رومال
30 ئاغرامچى — ئارغامچا
31 ساچقان — چاشقان
32 يوقالتماق — يوقاتماق
33 خورجىن — خورجۇن
34 غولدايدۇرغان — كۆپىيىدىغان
35 ئوروس توخى — كوركە توخۇ
36 كاكالاماق — توخوم تۇغماق، توخوم قويماق
37 بوسۇرماق — توخوم باستۇرماق
38 بىدەنى — بۆدۇنە
39 سارايدۇرغان — سايرايدىغان
40 مىينا — قاغىنىڭ بىر تۈرى
41 تىمۇرچۇق — تومۇچۇق
42 ساغىزخان — سېغىزخان
43 كەبۇتەر — كەپتەر
44 فاختەك — پاختەك
45 قارغا — قاغا
46 قالۇغاچ — قارلىغاچ
47 قۇيغور — قۇرغۇي
48 باقى — باشقا
49 ئىسىم — ئات، نام، ئاتاق، ئىسىم
50 تەسنىپ قىلماق — تۈرگە ئايرىماق
51 كەيفىيەت — كەيپىيات، ھالەت
52 نىھايەت — ناھايىتى
53 خىلاف — ئەكسى
54 خۇداۋەندە قادىر ھەكىم ئەل ئىتلاق — ھەممىگە قادىر خۇدا
55 قايلا دايە ئىنگە — قارايدىغان تۇغۇت ئانىسى
56 مەرتەبە — قېتىم، رەت
57 ۋاقىئ بولماق — سادىر بولماق، شۇنداق بولماق
58 قادىرى ئادىل ھەكىم ئەل ئىتلاق — ھەممىگە پۈتۈنلەي قادىر
59 ئارز — يۈز بەرمەك
60 تۆبەن — تۆۋەن
61 كامشۇ — كومشار، بۆرۈن
62 ئەسلىپ — ئېسىلىپ
63 دەرمەھەل — دەرھال
64 كەفەكلەنىپ — كېپەكلىشىپ، كېپەكلىنىپ
65 ئافتاب — كۈن نۇرى، ئاپتاپ
66 ئەفزەل — ئەۋزەل
67 ساچىپ — چېچىپ
68 يىڭنىچكى — ئىنچىكە
69 نىسفىنى — يېرىمىنى
70 خنە — ئۆي
71 جانگالداكى — جاڭگالدىكى
72 بىدىنە — بۆدۇنە
73 يىلۋىسۇن — يىلپىز
74 لاچىن — لاچىن
75 جاغالمان — بىر خىل ياۋا قۇش
76 ھانغۇق — ھاڭگىت
77 ھۇدھۇد — ھۆپۈپ
78 گوشت — گۆش
79 چېكەتكۇ — چېكەتكە
80 چىبىن — چىۋىن

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تۇمار ئېسىش ئادىتىمىزگە دائىر بايانلار

### 1. تۇمارنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى

ئىنسانىيەتنىڭ تۇمار پۈتۈش، تۇمار ئېسىۋېلىش، تۇمارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يېنىدىن ئايرىماسلىقتەك ئەڭ ئىپتىدائىي شامانىزملىق ئادىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ مەلۇم بىر مىللەتتە شەكىللەنگەن ياكى مەلۇم بىر مىللەتكە خاس مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر...

تۇمار ئەرەبچە سۆزلۈك بولۇپ، «جىلد، قەغەز يۆگىمى، تىك ئاسما خەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۇمار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كىشىلەرنى يامان روھ، يامان كۆز، يامان تىلدىن ساقلايدىغان، كىشىلەرنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى، بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان، كىشىلەرگە بەخت - ئامەت، ئىشەنچ، نۇسرەت - ئامەت ئاتا قىلىدىغان بۇيۇمدىن ئىبارەت.

خۇددى تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇرلار تۇمارغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كۆز تېگىشتىن، تىل تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ، تۇمارنى بېتىك دەپ ئاتايدۇ» (1 - توم 499 - بەت) دەپ ناھايىتى ئىخچام، تولۇق بايان قىلغاندەك، ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى يىراق ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى شامانىزم ھاياتىدىن تاكى ھازىرغىچە تۇمار ئېسىۋېلىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مەلۇمكى، باي ۋە رەڭگارەڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ، تەبىئىي رەۋىشتە ئالغا ئىلگىرىلىدى. تەبىئەت دۇنياسى ھەم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماددىي دۇنياغا بولغان ساددا، ئىپتىدائىي قاراشلىرى پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ، ئاددىيلىقتىن - مۇرەككەپلىككە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى باشقا قوۋم ھەم خەلقلەر توپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان تەبىئەت جىسىملىرىغا، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن قورقۇش، چۆچۈش شۇنداقلا ئۇلارغا چوقۇنۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىپتىدائىي ئاڭ، قاراشلارغا ئەسىر بولۇپ كەلدى. تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش مانا مۇشۇ ئىپتىدائىي ئاڭ، قاراشلارنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم شەيئىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تەبىئەتتىكى بەزى ماددىي نەرسىلەرگە باغلاپ چۈشەندى. مانا بۇ خىل كۆپ قاتلاملىق ئىپتىدائىي قاراشلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى — تۇماردۇر.

دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ سۈنئىي دىنلارغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغان ۋە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي چوقۇنۇش بارا ـ بارا كۆچىيىپ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. تۇمار دەل ئىپتىدائىي ئاڭ، قاراشلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۇمار ئېسىش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ۋە بىر قەدەر كەڭ تارقالغان ئادەت شەكلىدۇر. بىز بۇنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان:

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار.
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

دېگەن خەلق قوشىقى ئېيتىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نورۇز سەيلىسىدە جىن قوغلاش مەقسىتىدە 14 ـ ئەسىرگىچە «تۇمارلىق ئېلىش ئويۇنى»① دېگەن بىر ئويۇن ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە:

بىرى دەر: دورا يەپ كېسەل ساقىيار،
بىرى دەر: قاچار جىن ئېسىلسا تۇمار («قۇتادغۇ بىلىك» 109 ـ بەت).

دېمەك، بىز بۇنىڭدىن تۇمارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 2. تۇمارنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تۇمارلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، توتېم ئېتىقادى، ئەجداد روھىغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار تۇمارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. مەسىلەن، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە كىشىلەر تۇپراقنىڭ توپىسىنى ياكى ئۇسسۇملۇكلەرنى يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈشكەن بولسا، توتېمىزم دەۋرىدە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، ئوشۇقلىرى ۋە پەيلىرىنى مەيلى چوقۇنۇش ياكى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە ئېسىۋېلىشقان ھەم يانلىرىدا ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. كېيىنكى كۈنلەردە يېزىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي چوقۇنۇشنىڭ ئورنىنى ھەرخىل دىنلار ئىگىلەپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلدۇردى ھەم ھەر خىل سۈنئىي دىنلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭدىكى ئەپسۇن ۋە دۇئالاردىن پايدىلىنىپ تۇمار پۈكۈپ، تۇمارلارنى يېنىدا ساقلىغان. مانا بۇ خىل كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىرىشلەر تۇمارنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرىنى كۆپ خىللىققا ئىگە قىلغان. ئۇيغۇر تۇمارلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) بەخت ۋە سالامەتلىك ئۈچۈن پۈتۈلگەن تۇمارلار

(1) بەخت ئۈچۈن پۈتۈلگەن تۇمار. بەخت تۇمارى ــ كىشىلەرگە بەخت ـ ئامەت، ئىشەنچ، غەلىبە ئاتا

قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىد، غايىلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئومۇمىي خاراكتېردىكى تۇماردۇر.

بۇ خىلدىكى تۇمارنى كىشىلەر ئاساسەن بەخت ـ ئامەت تىلەپ، ھەرخىل يوشۇرۇن خېيىم ـ خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈمىدىدە يانلىرىدا ئېلىپ يۈرىدۇ، يەنى بۇ خىلدىكى تۇمارلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوينىغان رولى باشقا تۇمارلارغا قارىغاندا بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ياخشىلىق ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن «بەخت تۇمارىنى ئادەم يېنىدا ساقلىسا يامان روھلارنىڭ خېيىم ـ خەتىرىدىن ساقلانغىلى، بەدەننى قوغدىغىلى، ئادەمنىڭ ئەمەل مەنسىپىنى ئۆستۈرگىلى، ئازابتىن خالاس قىلغىلى، بەختلىك ۋە دۆلەتلىك بولغىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «تۇمارنى دۇكاندا قويسا خېرىدارلىق بولۇپ، ئېلىم ـ سېتىمدا پايدا ئالغىلى بولىدۇ، مال-چارۋىلىرى ئۆلۈپ، ئاۋۇمىسا، ئېغىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئېسىپ قويسا ئۆي ھايۋانلىرىغا كېلىدىغان بالايىئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئېغىر بوي ئاياللار ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا تۇغۇت ئاسان بولىدۇ» دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇت.

بەخت تۇمارىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلىرى بىر قەدەر كەڭ، ئەكس ئەتكۈزۈش ئوبيېكتلىرى كۆپ خىل. بۇ خىلدىكى تۇمارنىڭ پۈكۈلۈش شەكىللىرى ۋە ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، ئالاھىدە «پېرىخون»، «جىنكەش»، «داخان»لاردىن سىرت، يەنە ئادەتتىكى موللىلارمۇ پۈكەلەيدۇ. پۈكۈش شەكلى ئاساسلىقى بىر پارچە قەغەزگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىسلىرى يېزىلىپ، ئۈستىدىن تېرە ياكى لاتا بىلەن قاپلىنىپ بويۇنغا، بىلەككە، بەلگە ئېسىلىدۇ. كۆپىنچە ئۈچ بۇرجەك، ئۇزۇنچاق، تۆت بۇلۇڭ شەكىللىرىدە بولىدۇ. بۇ خىل پۈكۈلۈش شەكىللىرىدىن باشقا يەنە قەدىمكى كىشىلەر ئانىمىزملىق قاراشنىڭ بەلگىسى بولغان بۆرىنىڭ ئوشۇقى، بۈغىنىڭ تېرىسى، تۆگىنىڭ يۈڭى ۋە ھەر خىل يادا تاشلارنى تۇمار سۈپىتىدە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ساقلىغان ھەم بۇلار ئارقىلىق بەخت ـ ئامەتكە ئېرىشمەكچى بولغان.

(2) تىلتۇمار. بۇ كىشىلەرنى يامان تىل، يامان كۆز، يامان روھلارنىڭ ئاپەت ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلايدىغان، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئارزۇلۇق نەرسىلىرىگە خېيىم ـ خەتەر يېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تۇماردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدىسىدە تۇمار «تىل تېگىش»تىن ساقلايدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، سېرىق ئىتنىڭ تۈكى، قېرى سۆگەتنىڭ پورى، كونا چاپاننىڭ مېزى، ئادىراسماننىڭ بەرگى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىرپىكى قاتارلىق ئىرمىلىك نەرسىلەرنى كىچىككىنە رەخت پارچىسىغا ئوراپ، ئۇنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تىكىپ، «تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ساقلىغايسەن، خۇدايىم!» دەپ دۇئا قىلىپ ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ بوينىغا ياكى قولتۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ ھەم تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ يېنىغا قويۇپ قويىدۇ. مۇنداق تۇمار كىرلىشىپ، مەينەت بولۇپ كەتسىمۇ ئالدىراپ ئېلىۋەتمەيدۇ. بۇ خىل تۇمار يۇمىلاق، تۆت بۇرجەك، ئالتە يۈزلۈك شەكىلدە ھەرخىل دۇئالارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارا ياكى ئالا ـ بۇلىماچ يۇمىلاق مارجانغا يىپ ئۆتكۈزۈپ، باللارنىڭ بوينىغا ياكى بۆشۈكىگە ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ «كۆز مونچاق» دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل مونچاقلارنىڭ يۈزىدە ئاق چېكىتلىرى بار بولۇپ، ئارزۇلۇق پەرزەنتلەرگە كۆز تەگكەندە، مونچاق يۈزىدىكى ئاق چېكىتلەر ئۆچۈپ كېتەرمىش.

تىلتۇمار ئۆز ئىچىدىن يەنە چەتنەك ۋە قوقاق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. چەتنەك ـــ ئەنئەنىۋى

قاراش بويىچە تىلى يامان كىشىلەرنىڭ يامان نىيەت بىلەن باللارغا قىلغان سۆزلىرىدىن باللارنىڭ ئاغرىپ قېلىش ياكى ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قوقاق ــ يامان روھلارنىڭ كىشىلەرگە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن كېلىپ چىققىدىغان كېسەللىك. موللىلار بۇ خىل كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ھەر خىل دۇئا، ئەپسۇنلاردىن پايدىلىنىپ تۇمار پۈكىدۇ.

خەلق ئارىسىدا يەنە بولۇق ئۆسكەن ھەر خىل زىرائەت ئېتىزلىرىغا، ئازادە ياسالغان گۈل ـ گۈلىستانلىق ھويلا ـ ئارانلارغا، ئۈزۈمى ئوخشىغان تال بېدىشلىرىگە، مەي باغلاپ پىشقاتقان ئەنجۈر ۋە مېۋىزارلىققا «كۆز تېگىش»تىن ساقلاش ئۈچۈن ئىتتىنىڭ بېشى، ئېشەكنىڭ كاللىسى، قارا قاغىنىڭ ئۆلۈكى قاتارلىقلارنى ياكى كۆرۈمسىز «جىن قورچاق»لارنى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار. بۇمۇ بىر خىل يامان كۆزدىن ساقلىغۇچى تۇمار بولۇپ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ نەزىرىدىكى ئارزۇلۇق ۋە قەدىرلىك نەرسىلەرنى «يامان كۆز»، «يامان تىل»لاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى مۇجەسسەملەنگەن.

2) ئىنسانىي ھېسسىيات مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان تۇمارلار

(1) ئىسسىتقۇ. ئىسسىتقۇ ــ يات جىنسلارنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش بىلەن بىللە، يەنە پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تۇمارنىڭ بىر تۈرى.

ئىسسىتقۇ تۇمارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى باشقا تۇمارلارغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر كەڭ، ئۆز ئالدىغا بىر قاتار تەرتىپ، مۇراسىم، كۆلەم شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئىنسانشۇناس مالىنوۋسكىي ئىپتىدائىي ئېتىقادتا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەردە «بىر يىگىت بىر قىزغا مەپتۇن بولغاندا ئەڭ كۈچلۈك قوغلىشىش شەكلى بولغان سېھىرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ!»[2] دەپ كۆرسەتكەندەك، بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىمۇ خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ھەر قايسى مىللەتلەردە ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل سېھىرگەرلىكتە ھامان باش ـ ئاخىرى ئىنتايىن ماسلاشقان بىر يۈرۈش قائىدىلەر بولىدۇ، بەزى قەبىلىلەردە بۇ خىل قائىدىلەر قىز ـ يىگىتلەر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن چوڭلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ رىشتىنى باغلاشتا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۆگىتىلىدۇ. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ يىگىتلەر بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز ـ ئارا كېلىشىپ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى باغلاپ قويغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئىسسىتقۇ تۇمارنىڭ پۈكۈلۈش ئادەتلىرىمۇ ئۆزىگە خاس بىر قاتار مەزمۇن ۋە شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتلىرى ئاساسلىق ئىككى جىنسقا تەۋە بولغان ياشلار، بالاغەتكە يەتكەن قىز ـ يىگىتلەر ۋە نىكاھلىق بولۇپ بولغان ئەر ـ ئاياللاردۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىسسىتقۇ يات جىنسلار ئارىسىدا مۇھەببەت پەيدا قىلىشقا ئىشلىتىشتىن باشقا، يەنە ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغان ئادەتلەر بار. مەسىلەن، ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنى چوڭلارغا تاشلاپ قويۇپ كارى بولمايدۇ ياكى باشقا يەرلەرگە كېتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا چوڭلار ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا مېھىر قالماپتۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى جەم قىلىش ياكى مېھرىبان قىلىش ئۈچۈن بالىنىڭ بوينىغا ئاتا ـ ئانىسىنى مېھرىبان قىلىدىغان تۇمار ئېسىپ قويىدۇ.

(2) ئىسسىتقۇ تۇمارنى پۈكۈش ئۇسۇلى.

ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغان مەزگىلدە ئۇلاردا قايسى خىل ئەپسۇن ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە پەرەز قىلىش قىيىن، لېكىن سۈنئىي دىنلارنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر بۇنىڭدىكى ئەپسۇن ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنى تۇمارغا ئېلىپ كىرگەن. شۇڭا، ھازىر كىشىلەر بۇ خىل تۇمارلارنى ئەپسۇنسىز كارغا كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ خىل تۇمارنى پۈكۈشتە قانداق قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئورۇنلاش كېرەك دېگەنلەرنى ھەممە كىشى بىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت «باخشى»، «پېرىخون»، «جىنكەش»، «ئىسسىقتۇچى»، «داخان» دەپ ئاتىلىۋاتقان سېھىرگەرلەر قىلالايدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى بۇ خىل نام بىلەن ئاتىۋالغانلار بۇ خىل تۇمار پۈكۈش ئۇسۇلىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم بىر رايون بىلەن باشقا بىر رايوننىڭ، مەلۇم بىر خىل «ئىسسىقتۇچى»نىڭ پۈكۈش ئۇسۇللىرىدىمۇ مۇئەييەن پەرق مەۋجۇت. بۇ يەردە پەقەت ئاساسلىق شەكىل ۋە ئۇسۇللار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ھاجەتمەن كىشىلەر ئىسسىقتۇ قىلغۇچى موللىلارنىڭ يەنى «ئىسسىقتۇچى»نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن، «ئىسسىقتۇچى» ھاجەتمەن ئىسسىتماقچى بولغان كىشى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشىدىكى ئەرەب ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلارنى ئەبجەد ئۇسۇلىدا قوشۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئومۇمىي ئەددىتىنى (ساننى) تېپىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئومۇمىي ساننى 12 گە بۆلگەندىن كېيىنكى قالدۇق سان شۇ كىشىنىڭ يۇلتۇزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يۇلتۇزنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدىغان ئايەتلەرنى «قەسىدە سۇلايمان»، «كەنزۇل ھۆسەينىي»، «ھاجەتمەنلەر» قاتارلىق مەخسۇس تۇمار كىتابلىرىدىن تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئىپار، زەپەر، ناۋات، شېكەر، خورما قاتارلىق خۇش پۇراق نەرسىلەرگە ئوقۇيدۇ ياكى قەغەزلەرگە پۈتۈك قىلىپ پۈكىدۇ. ئۇيغۇر باخشىلىرى ئىسسىقتۇنى زۆھرە، مۇشتەرىي، شەمسىي سائىتىدە، بولۇپمۇ «جۈمە كۈنى ئوقۇسا تۇمارنىڭ خاسىيىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

(3) ئىسسىقتۇ تۇمارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى.

خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا «تۇمار پۈتۈلگەندىن كېيىن تۇمار پۈتكۈزگەن كىشى تۇمارنى سېھىر قىلىنغۇچىنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ، ئاندىن ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرسە، ئوچاقنىڭ تېگىگە كۆمسە، سېھىر قىلىنغۇچى مۇھەببەت ئىشقىدا سەرگەردان بولىدۇ، يەنە ئوخشاش ئۇسۇلدا تۇمارنى سېھىر قىلىنغۇچىنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئۆرۈپ تاش ئاستىغا باستۇرسا (تاش قانچە ئېغىر بولسا شۇنچە ياخشى) سېھىر قىلغۇچىدىن باشقىنى ئويلىماس، رىشتى ئۈزۈلمەس بولىدۇ؛ ئەگەر ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە ئاسسا، شامالنىڭ تەسىرىدە بۇ تۇمارلار سىلكىنىپ ئىشق ئوتى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ؛ بىر يىللىق يىراق يەردە بولسىمۇ، تاقەت قىلالماي ھازىر بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

ئىسسىقتۇ تۇمارلىرىنى پۈكۈش ئۈچۈن ئەپسۇنلار ئىنتايىن مۇھىم. ئەپسۇن ئىسسىقتۇ تۇمارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. بۇ خىل ئەپسۇنلار ھەر خىل دەۋرلەردىكى دىنلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە قايسى خىل ئەپسۇنلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى نامەلۇم، لېكىن ئىسلام دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەت ۋە باشقا ئەپسۇنلار ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە بەزى داخان، جىنكەشلەرنىڭ تۇمار پۈتكەندە «ئىنجىل ئەپسۇنى» دېگەن بىر ئەپسۇننى ئوقۇيدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ خىلدىكى ئەپسۇنلار پۈتۈككە پۈكۈلۈشتىن قەتئىينەزەر ئەپسۇنلارنىڭ نۇرغۇن قېتىم ئوقۇلۇشى توغرىسىدا سېھىرگەرلەرنىڭ پىكرى،

خەلقنىڭ چۈشەنچىسى ۋە شۇ ھەقتىكى رىسالىلەردىكى كۆرسەتمىلەر بىردەكتۇر. ئادەتتە مۇنداق ئەپسۇننىڭ 7، 16، 28، 17، 81، 111، 171 قېتىم ئوقۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈلدۈرۈلمەي ئوقۇپ تۈگىتىلىشى زۆرۈر.

(4) سوۋۇتقۇ. بۇ ئادەتتە قىز بىلەن يىگىت ياكى نىكاھتىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھېسسىيات مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتكە سوغۇقچىلىق سېلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

سوۋۇتقۇ تۇمارنىڭ سېھىر قىلىش ئوبيېكتى ئىسسىتقۇ تۇمارىغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، ئاساسەن بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن قىز ـ يىگىتلەر ياكى نىكاھلىق ئەر ـ ئاياللار ۋە يەنە ئايرىم ساندىكى ئۆزئارا تونۇش بولغان قىز ـ يىگىتلەردۇر.

بۇ خىلدىكى تۇمارنىڭ پۈكۈش ئۇسۇللىرىمۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىسسىتقۇ تۇمارىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە يات بولغان قىلمىش ھېسابلىنىپ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا زىددىيەت سېلىش، ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ۋە سوۋۇتۇش ئۈچۈن پۈكۈلىدۇ. سوۋۇتقۇنى پۈكۈش ئۈچۈن ئىسسىتقۇدا ئوقۇلغان ئەپسۇنلارنىڭ قارشىسى ئوقۇلىدۇ ياكى ئوقۇش سانى كېمەيتىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تەبىئىي دورىلارمۇ ئىسسىتقۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، لازا، سامساق، پىياز، پاقا قاتارلىق سېسىق پۇرايدىغان ئاچچىق نەرسىلەرگە ئوقۇلىدۇ ياكى دەم سېلىنىدۇ. لېكىن، «ئىسسىتقۇ» بىلەن «سوۋۇتقۇ» بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى، ئەمما قىسمەن ۋاقىتلاردا ئىككىسىنىڭ تەڭ قوللىنىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

(5) ئىسسىتقۇ ۋە سوۋۇتقۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەرتلىرى: بىرىنچى، سېھىر قىلىنغۇچىدىن مەخپىي تۇتۇش شەرت. خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا چوقۇم سېھىر قىلغۇچى سېھىر قىلىنغۇچىدىن مەخپىي تۇتۇشى كېرەكلىكى، ئەگەر بۇ خىلدىكى سېھىرنى سېھىرلەنگۈچى بىلىپ قالسا سېھىرنىڭ ھېچبىر كۈچى بولمايدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، سېھىرگەر ياكى ئىشق سېھىرىنى ئىشلەتكۈچى پاك بولۇشى شەرت. بۇ خىلدىكى سېھىرگەرلىك تونۇشتۇرۇلغان رىسالىلەردە ۋە پۈتۈكلەردە شۇنداقلا خەلق ئىشەنچىسىدە بۇ خىل سېھىرنى ئىشلەتكۈچى پاكىز ھالەتتە سېھىر قىلىش زۆرۈر، دەپ ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىل تۇمارنى ئېلىپ يۈرگۈچىنىڭمۇ پاك بولۇشى تەلەپ قىلىنغان؛ ئۈچىنچى، ئىشلىتىلگەن دورىلارنىڭ تەسىرى ئۆتكۈر بولۇشى شەرت. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ خىل تۇمارلارنى پۈكۈشتە تەسىرى ئۆتكۈر «دورىلار» ئىپار، زەپەر، ناۋات، شېكەر، خورما، لازا، سامساق، پىياز، پاقا قاتارلىقلار سۈرتۈلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن، بۇلار كۈچلۈك غىدىقلىغۇچى تەسىرگە ئىگە نەرسىلەر دەپ قارىلىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا كاككۇك قونغان تالغا ئوقۇپ قارشى ئوبيېكتىنىڭ ئۆتەر يولىغا كۆمۈپ قويۇش ياكى سېھىر قىلىنغۇچىنى شۇ تال بىلەن ئۇچراشتۇرۇش ۋە جۈمە كۈنى كاككۇك قۇسقان قاننى ئېلىپ ئۇنىڭغا دەم سالدۇرۇش قاتارلىق بىرقانچە خىل دورا ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىمۇ بار.

بۇ يەردىكى ئىسسىتقۇ ۋە سوۋۇتقۇ پەقەت بىر خىل ئۈچۈر بەلگىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يەككىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەپسۇننىڭ ياكى تۇمارنىڭ كۈچىدىن ئەمەس.

3) ئىپتىدائىي چوقۇنۇش مەنبە قىلىنغان تۇمارلار

(1) تەبىئەتكە چوقۇنۇشنى مەنبە قىلغان تۇمار. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە «كۆك تەڭرى»دىن قالسا يەرنى

«يەر ئانا» دەپ ناھايىتى خاسىيەتلىك، پاك ھېسابلاپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن. مەسىلەن، «تۈنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا «تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ، بىز نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز»[3].
«تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا: «يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم»[4] دېگەن بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. مانا شۇ خىل مۇقەددەس دەپ بىلىشنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەر ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا «كىندىك قېنىم» تۆكۈلگەن يەرنىڭ توپىسىنى كىچىك خالتىغا چىگىپ، تۇمار قىلىپ بوينىغا ئېسىۋېلىش، يۇرتنى سېغىنغاندا، ئۆز يۇرتىنىڭ توپىسىنى تۇتىيا دەپ كۆزىگە سۈرتۈش، ياقا يۇرتتا تۇرۇۋاتقان ئۇرۇق ـتۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىگە خالتا ئەۋەتكەندە، بىر سىقىم توپىنى خالتا قىلىپ ئەۋەتىش مانا مۇشۇ قاراشنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

(2) توتېمىزم مەنبە قىلىنغان تۇمارلار. توتېم بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلانغان مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

توتېمىزم ھادىسىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە بولۇپ، توتېمىزم چۈشەنچىلىرىدىكى توتېم ئوبيېكتلىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىدىكى ئۆزلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئۆز ھامىيسى بولۇپ، مەلۇم مەنپەئەت كۆرسەتكەن ھايۋانات، دەل ـ دەرەخ ياكى ئۇچار قۇشلاردۇر. بۇلار ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان بولۇپ، بۇ خىل ئادەتلەر ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى مەيلى چوقۇنۇش ياكى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن بولسۇن، يانلىرىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

بىز ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق كىشىلەرنىڭ بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى، قۇشلارنىڭ تىرناقلىرىنى ئېسىۋالغانلىقىنى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ، تۇمار ياساپ بوۋاقلارنىڭ بۆشۈكىگە ئېسىپ قويىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ بۇ تۇمارنى بويۇنلىرىغا ئېسىۋالغانلىقىنى ھەم يانلىرىدا ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بالىلارنىڭ بۆشۈكلىرى ئاستىغا، ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ئادىراسمان، ئالما قېقى، چاكاندا قاتارلىقلاردىن ئىسرىق سېلىش، يامان كۆزلەردىن ياندۇرىدۇ دېگەن ئەقىدە بىلەن بالىلارنىڭ پوسمىسىغا ياكى كىيىمىنىڭ ياقا ـ قولتۇقلىرىغا توقۇز ياكى يەتتە تال سىيادان تىكىپ قويۇش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى دەل توتېمىزمنى مەنبە قىلغان تۇمار شەكلىدىندۇر.

4) ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش مەنبە قىلىنغان تۇمارلار

ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىدا ئومۇمىي جەھەتتىن «ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ» دەيدىغان قاراش بار بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئەرۋاھلىرى تىرىك روھ سۈپىتىدە قارىلىپ، چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان. بارا ـ بارا بۇ خىل روھلار تەرەققىي قىلىپ كىشىلەر نەزىرىدىكى قوغدىغۇچى ئىلاھقا ئايلانغان. كىشىلەر بۇ روھلارنىڭ مەۋجۇت ۋاقتىدا ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ نەرسىلەر بارا ـ بارا كىشىلەر نەزىرىدە ئىلاھىي بۇيۇمغا، يەنى تۇمارغا ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئۆلگۈچى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن يۇرت ئاقساقاللىرىدىن بولسا، ئۇنىڭ سۆيگە كىرگۈچى (جەسەتنى يۇغۇچى) كىشى ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇشتا

قول بارماقلىرىغا قاپچۇق سېلىپ يۈيىدۇ. بۇ قاپچۇقلارنى ئۆلگۈچىنىڭ بالىچاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۇمار قىلىپ ساقلاشنى، كۆزى ئاغرىپ قالغاندا ياكى بېشىغا كۈن چۈشۈپ، ئۇنى سېغىنغاندا كۆزىگە سۈرتۈشنى ئادەت قىلغان. بۇ خىل تۇمارلار دەل ئەجدادلارنىڭ روھىغا تېۋىنىشتىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەجدادلاردىن ئۇدۇم ئېلىش خاراكتېرىدىكى تۇمارلارمۇ بار بولۇپ، بۇ خىل تۇمارلارنى كۆپىنچە ياشلار ئەقىللىك بولۇشنى مەقسەت قىلىپ ئاسىدۇ. بۇنىڭدا يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان نورۇز بايرىمىدىكى «تۇمارلىق ئېلىش» ئويۇنىدىكى شېئىر - نەزم ئوقۇش مۇسابىقىلىرىدە ئەلا باھالىنىپ تاللانغان كىشىلەردىن ئۇدۇم ئېلىش، ئۇلارغا ئوخشاش ئىقتىدارلىق بولۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ كېيىنكى كۈنلەردە شۇ يۇرتتىكى بىلىملىك ئالىم، ئۆلىمالاردىن بىر ئىشتا ئۆزىگە مەدەتكار بولۇشنى، ئۇلارغا ئوخشاش ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلارغا تۇمار پۈتكۈزۈپ، ئۇنى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر سۈپىتىدە ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ دەل ئەجدادقا چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان تۇمارلاردۇر.

دېمەك، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە ئىلمى ئىچىدىكى تۇمار مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى، گۈزەللىك قارىشى ۋە پسىخىكىسى بىلەن بىرلىشىپ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ مەيلى ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا بولسۇن خەلق ئارىسىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. تۇمارنىڭ ئەنە شۇ ئۆتمۈش دەۋرىدىن تاكى ھازىرغىچە ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشى، ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى، بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي مۇھىتى، گۈزەللىك قارىشى ۋە ئىپتىدائىي پسىخىكىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(بۇ ماقالىنى يېزىشتا ئابلەت مەمەت بىلەن دىلارە ئەبەيدۇللامنىڭ ئالاقىدار ماقالىسىدىن پايدىلاندىم).

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» [M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1993 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 335 - بەت.

② مالىنوۋىسكىي (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى» 1989 - يىلى، ئىتتىپاق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 398 - بەت.

④③ ئابدۇقېيىيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1983 -يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 -، 115 - بەتلەر.

ئاپتور (جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ، ماتېرىياللار باشقارمىسىدا)

# بۈگۈنكىدىكى «دەدە قورقۇت» تەتقىقاتىدىن قىسقىچە بايان

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر

«دەدە قورقۇت» «Dädä Qkurqkut» (达达阔尔库特书) (Dädä Qkurqkut, Dädä Qurqut, Dädä Kurkut, Qkurqkut Ata)، ئەسلى نۇسخىدا «Dädä Qkurqkut Kitabi, Kitabi Dädä Qkurqkut»، خەنزۇچىدا «祖先阔尔克特书»، «先祖阔尔库特书»، «霍尔赫特祖爷书» دەپ ئېلىنغان. «Dädä» بولسا «ئاتا، دادا» دېگەن مەنىدە، 11 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «Dädä» نىڭ ئوقۇلۇشى «Dada» (دادا)، ئوغۇزچە دەپ قارىغان («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (3 ـ توم)، 304 ـ بەتكە قارالسۇن). بىراق، ھازىرغا قەدەر كاشغەر ـ خوتەننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر دىئالېكتىدا ئاتا سۆزى «Dädä» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم كىچىك بالىلاردىمۇ «Dädä» (دەدە) دېيىش ئادىتى ساقلانغان. «Qkurqkut» بولسا «بوز بۆرە، كۆك بۆرە، ئەركەك بۆرە، بۆرە» دېگەن مەنىدە. «Qkurqkut» ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى كىتابلاردا ھەرخىل شەكىللەردە يېزىلىپ كېلىنگەن. مەسىلەن، خاجە رەشىدىددىن فەزلۇللاھ (1247 ~ 1317)نىڭ «مەجمۇئەت ـ تەۋارىخ»تا «Qkurqkut» (قورقۇت)، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت»(Nasaimul-muhäbbät) تە «Qkurqkut Ata» (قورقۇت ئاتا)، ئەبۇلغازىنىڭ «شەجەرەئى تىراكىمەن»دە «Qkurqkut Wäya Qkurqkut Ata» (قورقۇت ۋە قورقۇت ئاتا)، «تارىخى دوستى سۇلتان» (Tarihiy Dosti Sultan) دا «Qkurqkut»، يازىچى ئوغلۇنىڭ «سەلجۇقنامە»(Saljuqknamä) سىدە «Qkurqkut Ata» (قورقۇت ئاتا)، تۈركىيە «توپكاپى سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان ئوغۇزنامە»دە «Dädä Qkurqkut» (دەدە قورقۇت)، «كىتابى جامىئى جامى» (Jämi-i Jämi) دا «Qkurqkut Ata» (قورقۇت ئاتا)، «بايقۇرتلۇق ئوسمان تارىخى» (Bayqkurtluq Osman Tarihi) دا «دەدە قورقۇت» (پروفېسسور مۇھەررەم ئەرگىن ‹Muharram Ergin› نەشرگە تەييارلىغان: «دەدە قورقۇت» 1 ـ تومغا قارالسۇن، «كىرىش»، ئەنقەرە: تۈركىيە تىل قۇرۇمى، 2011 ـ يىل) دېيىلگەن.

«دەدە قورقۇت» قىسمەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە تارقالغان، بەزى تەتقىقاتچىلار مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارقالغان دەپ قارايدۇ. بۇ داستاننى مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈپ يېزىش باشلانغان، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار مىلادىيە 12 ـ ئەسىرلەردە كۆچۈرۈپ يېزىش باشلانغان دەپ قارايدۇ («شىنجاڭ قەدىمكى ئەسىرلەر، ۋەسىقىلەر چوڭ لۇغىتى» ‹كېيىنكى توم›، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2014 ـ يىل 5 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 3278 ـ بەتكە قارالسۇن).

«دەدە قورقۇت»نىڭ ھازىر درېزدېن (Dirsen ، گېرمانىيە) دا ساقلىنىۋاتقان قوليازمىسى ۋە ۋاتىكاندا ساقلىنىۋاتقان قوليازمىسى قاتارلىق بىر قىسىم قوليازمىلىرى ۋە نۇسخىلىرى بار. درېزدېن نۇسخىسى 12 بۆلەك ۋەقەلىكنى، ۋاتىكان نۇسخىسى ئالتە بۆلەك ۋەقەلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«دەدە قورقۇت»نىڭ ئەڭ دەسلەپتە درېزدېن نۇسخىسى ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. 1910 ـ

يىلى درېزدېن نۇسخىسىنىڭ ئالدىنقى بەش بابى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان، 1916 ـ يىلى، تۈركىيە ئالىمى كىلىسلى رىفات (Kilisli Rifat) بۇ قوليازمىنىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسىنى ئېلان قىلغان. 1922 ~ 1925يىللاردا، رۇسىيە شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. 1938 ـ يىلى، تۈركىيە ئالىمى ئورخان شائىك گۆكياي (Orhan Şaik Gokyay) بۇ قولىيازمىنىڭ لاتىنچە ترانسكرىپسىيەسىنى ئېلان قىلغان. 1950 ـ يىلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەزەربەيجان ئالىمى ئالاسىل ۋە تاخماشىبو ئىككىيلەن ئەزەربەيجانچە نۇسخىسى (باكۇ نۇسخىسى) نى نەشر قىلدۇرغان. 1962 ـ يىلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋادا رۇسچە نۇسخىسى قايتا نەشر قىلىنغان. «دەدە قورقۇت»نىڭ ۋاتىكان نۇسخىسى بىر قەدەر كېيىن بايقالغان. 1950 ـ يىلى، ئىتالىيە ئالىمى ئىتتور لوچىن تۇنجى قېتىم بۇ قولىيازمىنىڭ ئۇچۇرىنى بەرگەن. 1952 ـ يىلى، ئۇ كىرىش سۆز يېزىپ، بۇ قولىيازمىنىڭ فاكسىمىلى، تەرجىمىسى بىلەن بىللە ئېلان قىلغان. 1980 ـ يىلى، تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇھەررەم ئېرگىن ۋاتىكان نۇسخىسىنى قايتىدىن ئېلان قىلغان. 1986 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇسچىدىن قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. نۆۋەتتە، «دەدە قورقۇت» نەچچە خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، جۇڭگودىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى كۆپ قېتىم نەشرگە تەييارلىدى. بۇ جەھەتتە، توختى تىللا ئەپەندىنىڭ تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. 1988 ـ يىلى، ئېلىمىزدە مجىت ئابىزەر تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان قازاقچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى. مۇشۇ يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىندى.

«دەدە قورقۇت» بىر داستان خاراكتېرلىك رىۋايەتلەر توپلىمى بولۇپ، ھەر قايسى بۆلەكلىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە: دىرسەخاننىڭ ئوغلى بوغاچخاننىڭ بايانى، سالور قازاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئولجىغا كېتىشىنىڭ بايانى، بۇرەبەگنىڭ ئوغلى بامسى بۆگرەكنىڭ بايانى، سالور قازاننىڭ ئوغلى ئورۇزنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىنىڭ بايانى، دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تومرۇلنىڭ بايانى، قانلىق خوجا ئوغلى قانتۇر ئەلىنىڭ بايانى، غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەكنىڭ بايانى، بېگىل ئوغلى ئەمرەننىڭ بايانى، ئۇشۇن خوجا ئوغلى سەگرەكنىڭ بايانى، سالور قازاننىڭ بايانى، باساتنىڭ يەكچەشمە پالۋاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ بايانى، سىرت ئوغۇزنىڭ ئىچ ئوغۇزغا ئاسىيلىق قىلىپ، بۆگرەكنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ بايانى قاتارلىقلار.

ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىنىڭ باش قەھرىمانى قورقۇت بولماستىن، بەلكى ھەربىي جاسارەت كۆرسەتكەن باھادىرلاردۇر. بىراق، بۇ رىۋايەتلەردە، زورۇر پەيتلەرنىڭ ھەممىسىدە قورقۇت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ رىۋايەتلەردىكى قورقۇت ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇتتۇەر، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ نامايەندىسى، ئىنتايىن ئېقتىدارلىق، كەلگۈسىنى پەرەز قىلالايدىغان دانىشمەندۇر. ئۇ ياكى كىچىك باش قەھرىمانلارغا ئات قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرىدۇ، ياكى ئادىللىق بىلەن باش قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى باھالاپ، كەلگۈسىگە يول كۆرسىتىدۇ؛ ياكى ئۇلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت تىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ئۇتۇق قازىنىشىنى تىلەيدۇ. ئۇ ئۆزى بۇ رىۋايەتلەردە بىقىياس باھادىرلىقلارنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى پەلسەپىۋى، ھېكمەت خاراكتېرلىك بايانلىرى ئارقىلىق

ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ چۆچەكلەردىكى باش قەھرىمان ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ خاراكتىر ئالاھىدىلىكى «دەدە قورقۇت»نىڭ 12 بابىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، «دەدە قورقۇت»نىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى بىلەن قورقۇت ياشىغان دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق دېگۈدەك ئۇزۇن ئەمەس ئىكەن، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي دەۋر بىلەن تولىمۇ يېقىن كېلىدىكەن. شۇڭا، گەرچە ئەسەر ئەپسانىۋى تۇمانلارغا ئورالغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدىكى تارىخىي چىنلىققا ئىگە دەپ قارىلىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، «دەدە قورقۇت»تا ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلارنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشقانلىقى، بۇ ئىتتىپاق ئەڭ ئاخىرى پارچىلىنىپ كەتكىچە بولغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قاراشلارغا ئاساسلانغاندىمۇ، «دەدە قورقۇت»تىكى پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەردىن بەلگىلىك دەرىجىدىكى تارىخىي ئاساسلارنى تاپقىلى بولىدۇ. (بى شۇن: «قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»، بېيجىڭ: مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، 87 ـ 88 بەتلەرگە قارالسۇن).

جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى خېلى بۇرۇنلا «دەدە قورقۇت» ھەققىدە ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. كونكرېت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

نەشرگە تەييارلىنىش ۋە ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى:

بىرىنچى، ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلىنىش ۋە ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى: 1980 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى «دەدە قورقۇت»نى نەشرگە تەييارلاش جەھەتتە بەلگىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە قىلدى. ئاساسلىقلىرىدىن «دەدە قورقۇت، توغرىسىدا» (شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېرىكلار»غا كىرگۈزۈلگەن، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل)؛ «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» (توختى تىللا تەييارلىغان، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، 1987 ـ، 1988 ـ، 1989 ـ يىللىق سانلىرى، جەمئىي 13 سان؛ بۇنىڭ ئىچىدە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئوغۇزخان» ناملىق بىر بابى غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3) كە كۆچۈرۈپ بېسىلغان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشر قىلغان)؛ «ئۇشۇن خوجا ئوغلى سەگرەك» (ئوسمان ئىسمايىل تەييارلىغان، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى»غا كىرگۈزۈلگەن، غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىل)؛ «دەدە قورقۇت چۆچەكلىرى» (توختى تىللا تەرجىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 3 ـ ئاي)؛ «دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» [تۈركىيە] كەنئانى، توختى تىللا تەرجىمىسى، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 3 ـ ئاي). كۆنىمىزدە «دەدە قورقۇت» داستانىنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى ئالىمبۇرۇن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىندى.

ئىككىنچى، خەنزۇچە نەشرگە تەييارلىنىش ۋە ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى:

«باساتنىڭ يەكچەشمە پالۋاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ بايانى»، «دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تومرۇل بايانى»قاتارلىقلار «تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرى»گە تەئەللۇق قىلىنغان ھالدا بى شۇن ئەپەندى تەرىپىدىن تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھرىدە 1989 ـ يىل نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن «دەدە قورقۇت كىتابى: باساتنىڭ يەكچەشمە پالۋاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ بايانى»، «دەدە قورقۇت كىتابى:

دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تۇمرۇل باياني»نامىدا تەرجىمە قىلىنىپ، مەن دۇخۇ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەت، چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابنىڭ بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 23 ~ 25،25 ~ 26 بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن). ئۇنىڭدىن ئېلىنىپ ئادىل جۇمە تۇردى يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» («中亚民间文学»، يىن چۇەن: نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى) ناملىق كىتابقا تاللاپ ئېلىنغان.

ئۈچىنچى، قازاقچە نەشرگە تەييارلىنىش ۋە ئېلان قىلىنىش ئەھۋالى: «قورقۇت ئاتا» (مىجىت ئابېزەر Majit Abezar) تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل)؛ «قورقۇت» (مىجىت ئەنۋەر نەشرگە تەييارلىغان، «قازاق ئېپىك شېئىرلىرىدىن تاللانما» (6 ـ توم)غا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل)؛ «قورقۇت ئاتا»دىن پارچىلار» (نىغمەت: «قەدىمكى قازاق ئەدەبىياتى»غا كىرگۈزۈلگەن، ئىلى خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل)، 78 ~ 120 بەتلەر.

2. «دەدە قورقۇت»نىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنغان كىتابلارنىڭ ئەھۋالى:

بىرىنچى، ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلۈشى: «دەدە قورقۇت» (ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باستۇرغان، شاپىگراف نۇسخا، 1981 ـ يىل 10 ـ ئاي)؛ «دەدە قورقۇت، ھەققىدە» (مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، 289 ـ بەت)؛ «دەدە قورقۇت، توغرىسىدا» ( شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېرىكلار»غا كىرگۈزۈلگەن، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل)؛ «دەدە قورقۇت» (ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 ـ توم 1 ـ كىتاب، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى، 1982 ـ يىلى باستۇرغان، 160 ~ 161بەتلەر)؛ «دەدە قورقۇت» (ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، 2 ـ توم، 392 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك بۆلۈمى باستۇرغان، 1983 ـ يىل)؛ «دەدە قورقۇت داستانى» (ۋاھتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، 101 ~ 103بەتلەر)؛ «دەدە قورقۇت» (ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىل، 637 ~ 639 بەتلەر)؛ «قورقۇت ئاتا» (ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ»قا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 ـ يىل، 67 ـ بەت).

ئىككىنچى، «دەدە قورقۇت» توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ خەنزۇچە كىتابلارغا كىرگۈزۈلۈش ئەھۋالى:

«قورقۇت ۋە ‹قورقۇت ئاتا›» (بى شۈن: «قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان»غا كىرگۈزۈلگەن،77 ~ 80بەتلەر، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل)؛ «دەدە قورقۇت» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «جۇڭخۇا ئەدەبىياتى ئومۇمىي تارىخى»غا كىرگۈزۈلگەن، 3 ـ توم، بېيجىڭ: گۈلزار (华艺) نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، 302 ~ 308 بەتلەر)؛ «قورقۇت ئاتا» (خۇاڭ جوڭشياڭ: «قازاق داستانلىرى ۋە يايلاق مەدەنىيىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، مەركىزىي تەھرىر ـ تەرجىمە نەشرىياتى، 2007 ـ

يىل، 42 ~ 49 ـ بەتلەر). «ئەجدات بوۋا قورقۇت كىتابى» (ئادىل جۇمە تۇردى، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، 78 ـ 89 ـ بەتلەر، يىن چۈەن: نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى)، «دەدە قورقۇت»، «دەسىر خاننىڭ ئوغلى بوغراخان»، «سالور قازاننىڭ يۇرتىنىڭ پىشكەللىككە يولۇقۇشى»، «بايبورنىڭ ئوغلى بامىس بايراق»، «قازانبەگنىڭ ئوغلى ئورازنىڭ ھالاكىتى»، «ئوغۇز دۇخاننىڭ ئوغلى تۆمۈر»، «ئوغۇز قاڭلى خوجا ئوغلى خان تۇرال»، «ئوغۇز قازلىق ئوغلى ئىكەنەك»، «باساتنىڭ يەكچەشمىنى ئۆلتۈررۈشى»، «بەدەل ئوغلى ئەمرى»، «ئوغۇز ئۈيسۈن ئوغلى سەكرىق»، «سالۇر قازاننىڭ ئوغلى ئوراز»، «تاش ئوغۇزنىڭ ئىچ ئوغۇزغا جازاسى ۋە بايراقنىڭ ئۆلتۈرلىشى» (ئابدۇۋەلى كېرەم تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 50 ـ بەتتىن 60 ـ بەتلىرىگىچە كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ: «نۇر گېزىتى» نەشرىياتى 2014 ـ يىلى نەشرى). «دەدە قورقۇت»، «دەسەرخان ئوغلى بوغاش»، «سالۇر قازاننىڭ تۇتقۇن بولىشى»، «بايبور ئوغلى بېسىم بايراق»، «قازانبېك ئوغلى ئورازنىڭ كېيىنكىلىكى»، «ئوغۇز قەبىلىسى دۇخاننىڭ ئوغلى تۇمۇر»، «ئوغۇز قاڭلى خوجا قان تۇرال»، «ئوغۇز قازلىق ئوغلى يېكىنەك»، «باستىنىڭ يەكچەشمىنى ئۆلتۈرشى»، «بېجىل ئوغلى ئېمرال»، «ئوغۇز ئۈيسۈن ئوغلى شەكرەك»، «سالۇر قازان ئوغلى ئورازنى قۇتقۇزىشى» «تاش ئوغۇزنىڭ ئىچ ئوغۇزغا جازاسى ۋە بايراقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» (ئابدۇۋەلى كېرەم يازغان «ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى داستانلىرى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابنىڭ 455 ـ بەتتىن 462 ـ بەتلىرىگىچە كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2014 ـ يىلى نەشرى).

«دەدە قورقۇت»نىڭ مەزمۇنىنىڭ قامۇسلارغا كىرگۈزۈلۈش ئەھۋالى:

«ئوغۇزلار. دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تۇمرۇل بايانى» («دەدە قورقۇت»نىڭ بەشىنچى بۆلىكى)، «ئوغۇزلار. غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەكنىڭ بايانى» («دەدە قورقۇت»نىڭ يەتتىنچى بۆلىكى)، «ئوغۇزلار. قانلىق خوجا ئوغلى قانتۇر ئەلىنىڭ بايانى» («دەدە قورقۇت»نىڭ ئالتىنچى بۆلىكى)، «ئوغۇزلار. ئۇشۇن خوجا ئوغلى سەگرەكنىڭ بايانى («دەدە قورقۇت»نىڭ ئونىنچى بۆلىكى)، («شىنجاڭ قەدىمكى ئەسەرلەر، ۋەسىقىلەر چوڭ لۇغىتى» ‹كېيىنكى توم›، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2014 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 3278 ـ، 3564 ـ بەتكە قارالسۇن).

مەزمۇنى ۋە نامى تىلغا ئېلىنغان ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى:

«ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتىدىن ئاساس» ‹يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 5 ـ ئاي، 541 ـبەت)؛ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» (غەيرەتجان ئوسمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل 12 ـ ئاي، 25 ـ بەت)؛ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 6 ـ ئاي، 32 ـ بەت)؛ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (1) (غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي، 105 ـ بەت)؛ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» (ئابلىمىت مۇھەممەت تۈزگەن، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي، 322 ـ بەت)؛ «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئالدىنقى قىسىم) (غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىل، 90 ~ 91بەتلەر)؛ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان

باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 ـ يىل 3 ـ ئاي، 66 ـ بەت).

ئىلمىي ماقالىلەر ۋە قىسقىچە مەزمۇنىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى:

بىرىنچى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالىلەر ۋە قىسقىچە مەزمۇنى

«‹دەدە قورقۇت› ھەققىدە» (ئىمىنجان سەيدىن تۈزگەن: «مۇسۇلمانلار دۇنياسى»غا كىرگۈزۈلگەن، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 7 ـ ئاي، 87 ـ بەت)؛ «‹دەدە قورقۇت› ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈش ھەققىدە يۈزەكى پىكىرلەر» (مۇختار مامۇت مۇھەممەدى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 6 ـ سان، 61 ~ 68 بەتلەر)؛ «‹دەدە قورقۇت›تىكى بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى ھەققىدە» (گۈلتاجى زۇنۇن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 2 ـ سان)؛ «دەدە قورقۇت» (غەيرەتجان ئوسمان: «‹ئوغۇزنامە›نىڭ ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىرىدىكى نۇسخىلىرى توغرىسىدا قايتا ئەسلەتمە»گە كىرگۈزۈلگەن، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2015 ـ يىللىق 4 ـ سان، 61 ~ 62 بەتلەر)؛

ئىككىنچى، خەنزۇچە ئىلمىي ماقالىلەر:

«قەھرىمانلىق داستانى ‹دەدە قورقۇت›تىكى قەبىلىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى» (خۇاڭ جوڭشياڭ، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان).

ئۈچىنچى، قازاقچە ماقالە، ئەسەرلەر:

«‹دەدە قورقۇت› ۋە قازاق خەلقىنىڭ قورقۇتقا ئالاقىدار ئاغزاكى داستانلىرى» (نىغمەت مىڭجانى، «قازاق قەدىمكى ئەدەبىياتى»‹كوللېكتىپ توپلام› غا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل)؛ «‹قورقۇت ئاتا› توغرىسىدا مۇلاھىزە» (نىغمەت: «قەدىمكى قازاق ئەدەبىياتى»غا كىرگۈزۈلگەن، ئىلى خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل)؛ «قورقۇت ئاتا ۋە ‹دەدە قورقۇت› توغرىسىدا» (ئۈرۈمچىباي يېتباي، «ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان)؛ «‹دەدە قورقۇت›نىڭ مەزمۇنىدىن ئومۇمىي بايان» (ئۈرۈمچىباي يېتباي، «ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008 ـ يىللىق 2 ـ سان)؛ «‹دەدە قورقۇت›تىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە» (گۈلناز باۋكەن قىزى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان).

مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئەرەب سەيياھى ئىسھەل (Ishal) ئىلى، سىر دەرياسى ۋادىسىدا ساياھەت قىلىپ، ئوغۇز، قىپچاق قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا دەدە قورقۇتقا ئالاقىدار رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان. بۇ دەدە قورقۇت چۆچەكلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم سىرتقا تارقىلىشى ۋە توپلىنىپ خاتىرىلىنىشى بولسا كېرەك. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، «دەدە قورقۇت»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسى شەكىللىنىپ بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ كۆچۈرۈلگەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، تەخمىنەن 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە «ھەر قايسى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى دەدە قورقۇت» دېگەن نامدا كىتاب پۈتۈلگەن. «دەدە قورقۇت» تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىي داستانى بولۇپ، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئوغۇز، قىپچاق قاتارلىق ھەر قايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغان. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ ئىككى خىل قوليازمىسى بار بولۇپ، بىرسى گېرمانىيە درېزدېن كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ، «درېزدېن نۇسخىسى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ، بۇ نۇسخا 12 بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بىرى ۋاتىكاندىكى كۇتۇپخانىدا ساقلىنىپ، «ۋاتىكان نۇسخىسى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ، بۇ نۇسخا ئالتە بابنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم درېزدېن نۇسخىسىغا مۇناسىپ ھالدىكى بابلارنىڭ مەزمۇنى تامامەن ئوخشاش. بۇ ئىككى نۇسخىسى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقتا پۈتۈلگەن. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، درېزدېن نۇسخىسىنىڭ تىلى قىپچاق تىلى، ۋاتىكان نۇسخىسىنىڭ بولسا ئوغۇز تىلى ئاساسىدىكى تىلدۇر. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار پەرەز قىلىپ، «دەدە قورقۇت» ئەڭ دەسلەپتە قىپچاق تىلىدا تاماملانغان، كېيىن باشقىلار ئوغۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان، بىراق تەرجىمىسىنى تولۇق تاماملىمىغان دەيدۇ. 1945 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (Türk Dil Bilgisi) ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «دەدە قورقۇت»تا نورغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرى ساقلىنىپ قالغان.ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قوشۇمچە گەپ شۇكى، كۆپچىلىك «دەدە قورقۇت»تىكى ئاساسلىق قىسسە «ئوغۇزخان قىسسەسى» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»نىڭ باش تېمىسىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، «دەدە قورقۇت» قىسمەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق داستانى، جۈملىدىن ناھايىتى بۇرۇنلا پەيدا بولغان، ھەجمى چوڭ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ قەھرىمانلىق داستاندۇر. «دەدە قورقۇت» قەدىمكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئانا ماكانىدا پەيدا بولۇپ، قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، ئەزەربەيجان، تۈرك، تۈركمەن قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ يېيىلغان. «دەدە قورقۇت»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى قولىيازمىسى 10 ـ ئەسىرلەردە پەيدا بولۇپ، كېيىن ھەرخىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن.

«دەدە قورقۇت»تا ئاساسلىقى ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كەسىپ ۋە بىلىش قارىشى، خەلقىنى، ئانا يۇرتىنى سۆيۈش قارىشى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاق قارىشى، ئالەم قارىشى قاتارلىق مەسىلىلەر تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ قەدىمكى قولىيازما نۇسخىسىدا ۋرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەركىبلىرى ساقلىنىپ قېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «دەدە قورقۇت»تىكى «ئوغۇزنامە» نۇسخىسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»نىڭ مۇتىفى ئاساسەن ئوخشاش. بەزى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» نۇسخىسى «دەدە قورقۇت»نىڭ مۇتىفىغا تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا، «دەدە قورقۇت» ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات قىلىش ھەر قايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بەلگىلىك ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگودىكى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ قاتارلىق مىللەردىن چىققان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە قىزىققۇچىلار بەس ـ بەستە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، «دەدە قورقۇت»نى نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش ساھەسىدە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، كۈنىمىزدە بولسا بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە نۇسخىلىرى ئاللىبۇرۇن نەشر قىلىندى، ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ھەرخىل تەتقىقات ئەسەرلىرىگە، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، بۇ ئەسەر توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. جۇڭگودىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ «دەدە قورقۇت»نى نەشرگە تەييارلىشى ۋە تەتقىق قىلىشى بىر خىل تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە!

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى كۆز ئەملەش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ھەققىدە ئىزدىنىش

ئىسرائىل مۇتەللا

«دىۋان»دا كۆز ئاغرىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار خېلى كۆپ بولۇپ، شۇ دەۋردىكى كۆز ئاغرىقلىرى، كۆز ئاغرىقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنى ئەملەش ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا كۆز ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدىغان ئوت (دورىلار) تىلغا ئېلىنغان. «دىۋان»دا بۇ مەلۇماتلارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ھەرگىزمۇ تىل نۇقتىسىدىن شەرھىيلەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋردىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاغرىق ئەھۋاللىرىنى تىلغا يانداشتۇرۇپ بايان قىلىش ئارقىلىق، ئەمچىلىك ساھەسىدە مەلۇم تەرەققىياتلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. بولۇپمۇ، كۆزگە مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن مەلۇمكى، بۇ جەھەتتە ئاغرىقلارمۇ كۆپ بولۇپلا قالماي، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا ئەملەش ئۇسۇللىرى ۋە ئەمچىلەرمۇ كۆپ بولغان. بىز ئالدى بىلەن «دىۋان»نىڭ تىل جەھەتتىكى بايانلارنى ئاساس قىلغان ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن كۆز ئاغرىقلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## كۆز ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدىغان «چەر»دىن تۈرلەنگەن ئاتالغۇلار

«دىۋان»دا كۆز ئاغرىقلىرى توغرىسىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇچۇرلار بىرقەدەر كۆپ. بۇ ئۇچۇرلار ئىچىدە بىۋاسىتە كۆز ئاغرىقىنى ياكى كۆزنىڭ ئاغرىغاندىكى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلۈكلەردىن تەركىب تاپقان . «دىۋان»دا كۆز ئاغرىقىنىڭ ئاتىلىشى ھەققىدە توختىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال «ئۇھ: كۆز ئاغرىقى. كەنچەكچە»[1] دېگەن سۆزنى تىلغا ئالىدۇ، ھەرقايسى شېۋىلەردىكى كۆز ئاغرىقىنىڭ نامى توغرۇلۇق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، «كېسەل بولدى» دېگەن مەنىدە كەلگەن «چەرلەندى» سۆزى كۆز ئاغرىقلىرىنىمۇ بىلدۈرۈپ كەلگەن ھەمدە بۇ سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن «چەرلىگ» ئاتالغۇسىمۇ كۆزىدە مەسىلە بار كىشىلەرگە ئىشلىتىلگەن. « چەرلەندى. كېسەل بولدى. ئاغرىدى، ئېغىرلاشتى. ئەر ئۆزى چەرلەندى. ئادەمنىڭ تېنى ئاغرىدى (كېسەل بولدى) ئېغىرلاشتى. شۇنىڭدەك ئانىڭ كۆزى چەرلەندى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىدى. دېيىلىدۇ»[2] مەزكۇر مەلۇماتتا مەلۇم كىشىنىڭ ئاغرىقى جۈملىدىن كۆزىنىڭ ئاغرىشى «چەر» سۆز تومۇرىغا قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغان. بۇ سۆزگە باشقا قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنە كۆزى ئاغرىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نامايان بولىدۇ. « چەرلەتتى. بۇزدى، كاردىن چىقاردى. ئاغرىتتى، ئېغىرلاشتۇردى. ئوت ئانىڭ كۆزىن چەرلەتتى، دورا ئۇنىڭ كۆزىنى بۇزۇپ قويدى»[3]. بۇ سۆز تومۇرى بىلەن ياسالغان «چەرلىگ. كۆزى چەرلىگ — كۆزى چارلاشقان ئادەم. كېچىسى كۆرۈپ، كۈندۈزى كۆرمەيدىغان، تۇتۇق كۈندە كۆرۈپ، ئوچۇق كۈندە كۆرمەيدىغان ئادەم»[4] ئىبارىسىنىڭمۇ يۇقىرىقى سۆزدىن تۈرلەنگەنلىكى مەلۇمدۇر. «دىۋان»دا بۇ سۆزنىڭ

تومۇرى بولغان «چەر» ئاتالغۇسى ھەققىدە «چەر. بەدەننىڭ ئىچىملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆز. ئەر چەرلەندى ـ ئادەمنىڭ بەدىنى ئىچىملاشتى. خاقانىيە تىلىدا»[5] دېگەن مەلۇمات ئۇچرايدۇ. بىز بۇنىڭدىن كۆز ئاغرىقىنى بىلدۈرىدىغان «چەر» ئاتالغۇسىنىڭ خاقانىيە شېۋىسىدىكى ھارغىن مەنىسى بىلەن ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئاتالغۇ بەلكىم خاقانىيە شېۋىسىدىكى «چەر»دىن ئېلىنىپ، كۆزنىڭ ئاغرىغان ھالىتىنى بىلدۈرگەن بولسا كېرەك. شۇ دەۋرلەردە كۆز ئاغرىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار مۇشۇ سۆزگە قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ۋە ئىشلىتىلگەن.

## كۆزى ئاجىزلار ۋە ئاغرىقلىرىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار

«دىۋان»دا كۆزى ئاغرىيدىغان كىشىلەرنى ئاتايدىغان ھەر خىل ئاتالغۇلار تىلغا ئېلىنىپلا قالماي، يەنە شۇ كۆزلەرنىڭ ئاغرىغاندىكى ھالىتى ھەققىدىمۇ بەزى بايانلارنى بېرىپ، كۆزى ئاجىز ئادەملەر ھەققىدە «چۈمەرۈك. شەلۋە كۆز. چۈمەرۈك كىشى ـ كۆزى ياشاڭغىراپ ئاجىزلاشقان كىشى»[6]، «چەۋشەڭ . كۆزى ياشاڭغىرايدىغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ئادەم»[7] دېگەندەك ئىبارىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ بايانلار كۆزى ئاغرىغان، ئاجىزلاشقان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ناچارلاشقانلارنىڭ كۆزىنىڭ ياشاڭغىراش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى تۇرمۇشتا قىيىنلاشقان ھالىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن. بۇ خىل كىشىلەر كۆزى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، مەلۇم جەھەتتە يەنىلا كۆرۈش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالغان. كۆزى مەلۇم سەۋەبلەردىن نورمال ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئەمما يەنىلا مەلۇم كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە كىشىلەر توغرىسىدا «قىڭىر»، «كۆزى چەرلىگ» ئاتالغۇلىرىنىڭ بارلىقى «دىۋان»دىكى مەلۇماتلاردىن ئايان بولىدۇ. «چەرلىگ. كۆزى چەرلىگ ـــ كۆزى چارلاشقان ئادەم. كېچىسى كۆرۈپ، كۈندۈزى كۆرمەيدىغان، تۇتۇق كۈندە كۆرۈپ، ئوچۇق كۈندە كۆرمەيدىغان ئادەم»[8] دېيىلگەن بايانلاردىن كۈچلۈك قۇياش نۇرىدىن قاتتىق قورقىدىغان، نۇر قايتۇرۇش سەۋەبلىك ئېنىق كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان كىشىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدە بىر كۆز ئاغرىقى ئاتالغۇسى نامايان بولىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان، ئەمما كۆرەلەيدىغان كىشىلەردىكى ئاغرىقنى بىلدۈرۈپلا قالماي يەنە، بۇ خىلدىكى كۆز ئاغرىقلىرىنىڭ تۇغما بولمايدىغانلىقى، كېيىن پەيدا بولۇپ، ئاغرىقنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. «قىڭىر. ئەلەس . قىڭىر ئەر ـــ ئەلەس ئادەم. ئىككىلا كۆزى ئەلەس ئادەم ‹ئىككى كۆزى قىڭىر› دېيىلىدۇ»[9] دېگەن مەلۇماتلاردىن كۆزى كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە، ئەمما تاشقى قىياپەت جەھەتتە نورمال ئادەملەردىن پەرقلىنىدىغان ئاغرىقلار مەلۇم بولىدۇ. ھەمدە بۇ خىل ئاغرىقلارنىڭ بەزىدە بىر كۆزى، يەنە بەزىدە ئىككىلا كۆزى شۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولىمىز. بۇ ئاتالغۇلار شۇ دەۋردە كۆزى ئاغرىق كىشىلەرنى ئاتاش جەھەتتە ھەر خىل ياسالما نام ـ ئاتاقلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كۆز ئاغرىقى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان، شۇنداقلا تۇغما كۆزى ئاجىز كىشىلەر ھەققىدە «قاراغۇ. قارىغۇ»[10] ۋە «تۇكلۇگ. قارىغۇ. كور. تۇكلۇگ كۆزلۈگ كۆزى قارىغۇ (كىشى)»[11] دېگەن ئاتاش ناملىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن.

«دىۋان»دىكى ئەمالارغا ئائىت بايانلارغا قارىغاندا، تۇغۇلۇشتىلا ئەما تۇغۇلغانلار بىلەن، ساق تۇغۇلغان، كېيىنچە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلارنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇ بىر ـ بىرى بىلەن پەرقلەنگەن. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەما تۇغۇلغانلار«قاراغۇ»، كېيىن ئەما بولۇپ قالغانلار «تۇكلۇگ» دەپ ئاتالغانلىقىنى پەرەز قىلىمىز.

## كۆز ئاغرىقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

«دىۋان»دا بېرىلگەن كۆز ئاغرىقلىرىغا دائىر بايانلاردىن مەلۇمكى، بۇ خىل ئاغرىقنى كېلىش مەنبەسىدىن تۆۋەندىكى نەچچە خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

**بىرىنچى، تەبىئىي ئەما كىشىلەر**

بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئەمىلەش جەھەتتە ھېچقانداق ئامال ـ چارە يوق. «قارىغۇ» (10 ـ ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاش) تۇغما ئەمالارنى كۆرسەتسە كېرەك.

**ئىككىنچى، كۆزىگە مەلۇم نەرسە كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى**

كۆزى ئاغرىغانلارنىڭ خىلى كۆپى مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئاغرىق ئازابىنى تارتىدىغانلىقى مەلۇمدۇر. «دىۋان»دا بۇ ھەقتىكى بايانلار خېلى ئۇچرايدۇ. بۇ، شۇ كىشىنىڭ دىققەت قىلماسلىقى، شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى، مۇھىت ۋە ھاۋا رايى، مەسىلەن، قۇم ـ بوران، شامال قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبىدىن كۆزىگە مەلۇم ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىغان. بۇ خىل ئۇششاق نەرسىلەر «قوغ» ۋە «يام» ئىبارىسى بىلەن مەلۇم بولىدۇ. «قوغ. كۆزگە ياكى تاماققا چۈشكەن ئەخلەت، خەس».[12] «يام. كۆزگە ۋە باشقا نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالىدىغان خەس. ئەخلەت»[13] دېگەن بايانلار بۇنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «يام»ئاتالغۇسى كۆپ قوللىنىلغان. بۇ ھەقتە يەنە «يام. خەس، ئەخلەت. كۆزگە يام تۈشتى كۆزگە خەس چۈشتى»[14] دېگەن ئۇچۇرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل سەۋەب بىلەن ئاغرىغان كۆزنى، ئاغرىقنىڭ سەۋەبكارى «يام» يەنى خەس، ئەخلەتتىن تۈرلەنگەن «يامىلىغ» ئىبارىسى بىلەن ئاتىغان. «يامىلىغ. خەسلىك. يامىلىغ كۆز ـ خەس چۈشكەن كۆز.»[15] ئېھتىمال، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئاغرىغۇچىمۇ مۇشۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك.

**ئۈچىنچى، كۆزىگە مەلۇم نەرسىلەر چىقىپ قېلىش، ئۆسۈپ قېلىشتىن پەيدا بولىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى.**

بۇ خىل ئاغرىقمۇ كېلىپچىقىش جەھەتتە، شارائىت بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولۇپ، ناچار تۇرمۇش شارائىتى ۋە باشقا خىل سەۋەبلەردىن كۆزگە ۋە كۆز ئەتراپىغا چىقىدىغان ھەر خىل ئۆسمە ياكى يارىلارمۇ كۆپلەپ كۆرۈلگەن. بۇ توغرىسىدا «ئەنۈچ: كۆزگە ئۆسكەن گۆش پەردە»[16] ۋە «تەرسگەك. يىڭناسقۇ. كۆز قاپاقلىرىنىڭ چېتىگە چىقىدىغان قاپارتقۇ»[17] لارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاغرىغۇچىغا بىرقەدەر خەتەرلىكى كۆزنىڭ «ئەنۈچ»لىنىپ قېلىشى بولۇپ، «دىۋان»دا بۇ ھەقتە يەنە «ئەنۈچلەندى. پەردە ئۆستى. ئانىڭ كۆزى ئەنۈچلەندى ـــ ئۇنىڭ كۆزىگە پەردە ئۆستى»[18] دەپ توختىلىدۇ. ئېھتىمال، شۇ دەۋرلەردە بۇ خىل ئەھۋاللار خېلى كۆپ كۆرۈلسە كېرەك. كۆزىگە بىرنەرسە چىقىش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان كۆز كېسەللىكلىرى بەزىدە ساقايغان يەنە بەزىدە ئېغىرلىشىپ كۆز پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قېلىش بىلەن خۇلاسىلەنگەن. بۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئاغرىغانلار ساقايمىسا، شۇنداقلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالسا «قارىغۇ» دەپ ئاتالماي بەلكى، «تۈكلۈگ» دەپ ئاتالغان. «تۈكلۈگ. قارىغۇ. كور. تۈكلۈگ كۆزلۈگ كۆزى قارىغۇ (كىشى)».[19] بۇ ئاتالغۇنىڭ كۆزىگە بىرنەرسە چىقىش سەۋەبىدىن ئاغرىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر بايانىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ: «كىرپۈكلەندى. ئانىڭ كۆزى كىرپۈكلەندى ـــ ئۇنىڭ كۆزىگە تەتۈر كىرپىك ئۆستى».[20] بۇ بايان بىزگە كۆزگە تەتۈر كىرپىك ئۆسۈشنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**تۆتىنچى، باشقىلار تەرىپىدىن زەخىملىنىش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى**

«دىۋان»دا بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. پەقەت، «كۆزلەدى. كۆزىگە ئۇردى، ئول ئانى كۆزلەدى ــ ئۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇردى.»[4] دېگەن بىرلا مەلۇمات ئۇچرايدۇ. ئەمما، بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردە باشقىلار تەرىپىدىن كۆزى زەخىملەنگەنلەرنى بەك ئاز ئەمەس، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**بەشىنچى، ئەسلى يېنىك، ئەمما ئەملەش جەريانىدا ئېغىرلىشىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى**

بۇ خىل ئاغرىقلار ئاغرىقنى داۋالىتىش ۋە ئەملەش جەريانىدا ئىشلىتىلگەن ئوت (دورا) نىڭ ئەسلىي ئاغرىققا ماس كەلمەسلىكى سەۋەبلىك زىيان قىلىشى ياكى ئەملەش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، «تۇنتۇردى، تۇتۇلدۇردى. ئوت ئانىڭ كۆزىن تۇنتۇردى. دورا ئۇنىڭ كۆزىنى تۇتۇلدۇردى. ھەرقانداق بىرنەرسە بىرنەرسىنى يېپىۋالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ».[5] «چەرلەتتى. بۇزدى، كاردىن چىقاردى. ئاغرىتتى ، ئېغىرلاشتۇردى. ئوت ئانىڭ كۆزىن چەرلەتتى. دورا ئۇنىڭ كۆزىنى بۇزۇپ قويدى»[6] بۇ بايانلاردا ئاغرىقنىڭ ئەمچىنىڭ ئەملىشىنى قوبۇل قىلىش ياكى ئۆزى ئوت (دورا) يېيىش، ئوت (دورا) ئىشلىتىش جەريانىدا كۆز ئاغرىقلىرىنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىشى ھەتتا كۆزنىڭ كېرەكتىن چىقىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ مەلۇمات كۆز ئاغرىقلىرىنى ئەملەش جەريانىنىڭ ئىنتايىن نازۇك، سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، قالايمىقان ئوت (دورا) ئىشلەتكەندە، شۇنداقلا ئەمچى، تېۋىپلارغا توغرا كۆرۈنمىگەندە كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرگەن.

**ئالتىنچى، تەبىئەت ھادىسىلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى**

«دىۋان»دا قاتتىق قاردا يۈرۈش، ئۇزۇن مۇددەت قارلىق دالادا يۈرۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى ھەققىدىمۇ خەۋەر بەرگەن. «دىۋان»دا بۇ توغرىسىدا «قاز. كىشىنى ئۆلتۈرىدىغان شىۋىرغان. قاز بولدى شىۋىرغان چىقتى»[7] دالادا يۈرگەن كىشىلەر ئۇزۇن مەزگىل قاردا يۈرۈش ۋە شىۋىرغان توختىغاندىن كېيىنكى كۈن نۇرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرۇشى بىلەن كۆزى قاتتىق قامىغان ۋە ئاغرىغان، «قامادى. قاماشتى؛ قامىدى. كۆز قامادى ــ (كۈننىڭ نۇرىدىن) كۆز قاماشتى»[8] بۇ خىل جۈتتىن كېيىنكى قۇياش نۇرى مۇھىتىدا يۈرۈش ئاقىۋەتتە كۆزنىڭ ئاغرىشى بىلەن خۇلاسىلەنگەن. «قارىقتى. قار ئېلىپ كەتتى. قاردا قاماشتى. ئەر كۆزى قاراقتى ــ ئادەمنىڭ كۆزىنى قار ئېلىپ كەتتى»[9] دېگەن بايان دەل قار سەۋەبىدىن كۆزنىڭ ئاغرىشىغا مىسال بولۇپ كەلگەن.

**يەتتىنچى، دەرد ـ ھەسرەتتىن پەيدا بولىدىغان كۆز ئاغرىقلىرى**

قاتتىق ئازاب تارتىش ۋە تىنىمسىز ئازابلىنىپ يىغلاشمۇ كۆز ئاغرىقلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلانغان. تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ شامان ئېتىقادى دەۋرىدىكى قائىدىسىدە ئۇلۇغلار ياكى يېقىن تۇغقانلار ئۆلۈپ كەتكەندە شۇ كىشى ئۈچۈن ھازا ئېچىپ قاتتىق يىغلاش ۋە ماتەم تۇتۇش مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە «دىۋان»دا بۇ ھەقتە خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاقنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. «ئۇلىشتى. ھۇلاشتى. بۆرى بارچا ئۇلىشدى ــ بارچە بۆرى ھۇلاشتى». شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ  سىقرىپ ئۇنى يۇرلايۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلەيۇ  سىغتىپ كۆزى ئۇرتۇلۇر.

ئادەملەر ئافراسىيابنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى[①]»

بۇ قوشاقتا تولا يىغلاپ كۆزى ئاجىزلىشىپ كېتىشنى ياكى كۆرمەس بولۇپ قېلىشنى «كۆزى ئۆرتۈلۈر» دېگەن ئىبارە بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ ئېھتىمال ھەسرەت چېكىش سەۋەبلىك كۆزى ئاجىزلاشقانلارنى ئاتايدىغان نام بولسا كېرەك.

«دىۋان»دا يەنە يار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشنى، سېغىنىپ يىغلاشنى قوشاقلاردا كۆز ئاغرىش ھەققىدىكى سىمۋوللۇق ئوخشىتىشلار بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن:

«يۈكنۈپ ماڭا ئەملەدى باغرىم باشىن ئەملەدى
كۆزۈم ياشىن يامالدى ئەلكىن بولۇپ ئۇل كەچەر

مەھبۇبىنى خىيال قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ماڭا تەزىم قىلدى ۋە مېنى شەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىملىدى. ئۇ قارشى بىلەنلا كۆز يېشىمنى داۋالىدى، باغرىمنىڭ يارىسىنى ئەملىدى. ئۇ يولۇچى بولۇپ كېتىپ قالدى»[②] بۇ قوشاقتىكى «يامالدى» ئىبارىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى «يام. خەس، ئەخلەت. كۆزگە يام تۈشتى. كۆزگە خەس چۈشتى» (13 ــ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) بولۇپ، ئەكس ئەتكۈزگەن ئەسلىي مەنە بويىچە يەنى «سېنىڭ يېقىمسىلىرىڭدا يىشىم كۆزۈمگە خەس بولدى» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، «يام» ئاتالغۇسى يەنە يىغلاش ئارقىلىق كۆزى ئاجىزلاشقانلارنى ئاتاشقىمۇ ئىشلىتىلگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## كۆز ئاغرىقىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

«دىۋان»دا كۆز ئاغرىقىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرى ۋە ئاغرىق جەريانى توغرىسىدا يەنە بىر بۆلەك بايانلار بېرىلگەن. بۇ بايانلار ئىچىدە كۆز ياشاڭغىراش ۋە چاپاق بېسىشنى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۈملىلەر بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن: «چەلپەك. چاپاق. كۆز چاپىقى»[③]، «چەلپەكلەندى. چاپاقلاشتى. كۆز چەلپەكلەندى، كۆز چاپاقلاشتى»[④]، «كىرلەندى. كىرلەشتى. تون كىرلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. كۆز كىرلەندى. كۆز چاپاقلاشتى»[⑤] بۇلارنى كۆزنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ۋە ساقايمىغان ھالىتىگىمۇ مىسال بولىدۇ، دەپ قارىساق بولىدۇ.

كۆز ئاغرىقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغاچ، ئاغرىغان كۆزلەرنىڭ ئەھۋالى بىر ــ بىرىدىن پەرقلەنگەن. نەرسە كىرىپ كەتكەن، قار ئېلىپ كەتكەن كۆزلەردە ياشاڭغىراش ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلانغان. ياشاڭغىراشقا ئائىت بايانلار مۇنداقلا ئېيتىلغان ئەمەس، بۇ سۆزلەرنىڭ كەينىگە شۇ كىشىلەرنىڭ كۆز ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى، دەرىجىسى ۋە نەتىجىسى يوشۇرۇنغان، «سۇۋلاندى. سۇلاندى. سۇلۇق بولدى. سۇۋلاندى نەڭنەرسە سۇلاندى، مەسىلەن: مېنىڭ سۈيى كۆپەيگەنلىكتىن يۇمشىغىنىغا، يارىنىڭ سىرىقسۇ يىغىلىپ شالۋەرگىنىگە ئوخشاش. ئانىڭ كۆزى سۇۋلاندى ــ ئانىڭ كۆزى سۇلاندى (ياشانغىرىدى)»[⑥] بۇ بايان بىزگە كۆزى ئاغرىپ، مەلۇم باسقۇچقا يەتكەن، داۋالانغاندىن كېيىنمۇ ياخشى بولماي كۆزىدىن داۋاملىق سۇ ئاقىدىغان كىشىنىڭ ئاغرىق ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدۇ. جۈملىدىكى ئەكس ئەتكەن مەزمۇنغا قارىغاندا، بۇ خىل ياشاڭغىراش ئاغرىق ئاسارىتىدىن پەيدا بولغان ياشاڭغىراشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەر خىل سەۋەبلەردىن، دەپ قارالغان. بىز مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن كۆز ياشاڭغىراشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى «يامىلغ كۆز ــ خەس

چۈشكەن كۆز»[3] ئىبارىسىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىشنى توغرا تاپتۇق. كۆزگە ئۈششاق نەرسىلەرنىڭ كىرىپ كېتىشى ياشاڭغىراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە ئېغىرلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. باشقا خىل سەۋەبلەردىن ياشاڭغىرىغان كۆزلەر ھەققىدە «ياشاڭغۇرادى. ياشانغۇرىدى. ئانىڭ كۆزى ياشاڭغۇرادى، ئۇنىڭ كۆزى(كۆن نۇرىدىن) ياشانغۇرىدى»[4]، «ياشىقتى. ياشانغىرىدى. كۆز ياشىقتى، كۆز ياشانغۇرىدى، يەنى كۆز قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرىدىن ياشانغۇرىدى»[5] بۇنىڭدىن كۆزنى نۇر چاقىسمۇ ياشاڭغىراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ كۆزنى قار ئېلىپ كېتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز. بۇنداق كۆزلەر «ياشلىغ. ياشاڭغىرايدىغان. ياشلىغ كۆز ــ ياشاڭغىرايدىغان كۆز»[6]، ئاغرىقلار بولسا «چەۋشەڭ. كۆزى ياشاڭغىرايدىغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز ئادەم»[7] دەپ ئاتالغان. «چۇمەرۈك. شەلۋە كۆز. چۇمەرۈك كىشى، كۆزى ياشاڭغىراپ ئاجىزلاشقان كىشى»[8] دېيىلگىنى بولسا كۆزى ھەر خىل سەۋەبلەردىن ئاغرىغان، ساقايماي جاراھەت ئاسارىتى قالغان، ئاجىزلاشقان ھەمدە داۋاملىق شۇنداق ئاغرىيدىغان كىشىلەردىن ئۇچۇر بەرگەن.

كۆزنىڭ ئاغرىشىدىكى دەسلەپكى ئالامەتلەر، ئاغرىغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرىسىدا بىر قاتار بايانلار ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى كۆز ئاغرىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن. «بەزىتى. ئاجىزلاشتى. ئانىڭ كۆزى بەزىتى ــ ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلاشتى، خىرە كۆرىدىغان بولدى»[9] بۇنىڭ تەرەققىياتى «چەرلەندى ــ كېسەل بولدى، ئاغرىدى، ئانىڭ كۆزى چەرلەندى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىدى»[10] «تەگىلدى. تۇتۇلدى . ئانىڭ كۆزى تەگىلدى ــ ئۇنىڭ (بىر)كۆزى تۇتۇلدى. كۆرمەس بولۇپ قالدى»[11] بىلەن تەكرار تىلغا ئېلىنغان. «دىۋان»دا يەنە «ئەنۇچلەندى. پەردە ئۆستى»[12] دېيىلگىنى كۆز ئاغرىقى ئىچىدە ئۆسمە تۈرىگە دائىرلىرىنىڭمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «دىۋان»دا كۆز ئاغرىقلىرىغا دائىر بايانلارغا يانداش ھالدا يەنە قانداق قىلغاندا بۇ خىل كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلارمۇ بار.

## كۆز ئاغرىقنى ئەملەش ئۇسۇللىرى ۋە نەتىجىسى

شۇ دەۋردە كۆز ئاغرىقلىرى ھەر خىل سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ياشاش مۇھىتى بۇ خىل ئاغرىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئاغرىققا گىرىپتار بولۇش يوللىرىمۇ ھەر خىل بولغان. يۇقىرىقى بايانلارغا قارىغاندا، تاشقى مۇھىت، شامال، بوران سەۋەبىدىن كۆز ئاغرىقىغا دۇچار بولۇش بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھەرخىل ئەخلەتلەرنىڭ تەسىرىدىن كۆز ئاغرىقى كۆپ يۈز بەرگەن. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەنە ئەملەش جەريانىدا بىر قىسىم كۆز ئاغرىقلىرى ساقايماي تېخىمۇ يامانلاپ، بۇ خىل ئاغرىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالغان. كۆزنى قار ئېلىپ كېتىشنى ئەملەش ۋە ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا «كۆزلۈك. ئات قۇيرۇقىدىن توقۇلغان بىر خىل تور. كۆز ئاغرىغاندا ياكى قاماشقاندا كۆزگە تارتىۋېلىنىدۇ».[13] «كۆزۈلدۈرۈك، كۆزلۈك، ئاتنىڭ قىلىدىن توقۇلغان شالاڭ توقۇلما. كۆز ئاغرىغان ياكى كۆز قاماشقاندا كۆزگە تارتىلىدۇ. بۇ ‹كۆزلۈك›مۇ دېيىلىدۇ»[14] دېگەن بايانلارنى بەرگەن. بۇ مەلۇماتلار بىزگە «كۆزۈلدۈرۈك»، «كۆزلۈك» دېيىلىدىغان كۆز ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە داۋالايدىغان ئالاھىدە ئەسۋابنىڭ بارلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ۋە قىلىنىڭ

مەلۇم دورىلىق قىممىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمچىلەرنىڭ باشقا سەۋەبلەردىن ئاغرىغان كۆزلەرنى ئەملىشى (داۋالىشى) ھەققىدە «ئەنۈچلەدى. ئوتاچى كۆزۈگ ئەنۈچلەدى - تېۋىپ كۆز پەردىسىنى داۋالىدى. يەنى كۆز پەردىسىگە دورا سۈردى»[4] بۇ مەلۇمات كۆز ئاغرىقىنى ئەملەشنىڭ ئايرىم نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئوتاچى - تېۋىپلارنىڭ مەلۇم ئوت(دورا)لارنى پىششىقلاپ رېتسېپ قىلىش ئارقىلىق كۆز ئاغرىقلىرىنى داۋالاپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئوت (دورا)لارنىڭ ماتېرىيالى ھەر خىل دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنى دەلىللەپ «دىۋان»دا يەنە مۇنداق بايانلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. «چاخشۇ: كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئوت»[5]، «ئاۋۇلقۇ. قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ، پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ»[6] بۇ خىل ئەملەشنىڭ ھەممىسىلا ئۈنۈملۈك بولىۋەرمىگەن. بۇنىڭغا ئوت (دورا) نىڭ كۆزگە زىيان قىلىشى توغرۇلۇق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىساللار گۇۋاھ. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، يۇقىرىقى مەلۇماتلاردا يەنە كۆز ئاغرىقىنى سىستېمىلىق ئەملەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، مەخسۇس كۆز ئاغرىق تېۋىپلىرى (ئوتاچى)نىڭ كۆز ئاغرىقلىرىنى ئەملەش يوللىرى توغرىسىدا توختالغان. مەسىلەن، كۆز پەردىسىنى ئەملەش. كۆزگە ئۆسۈپ قالغان «ئەنۈچ» (ئۆسمە، پەردە)نى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىش. كۆز ئاغرىقلىرىغا مەخسۇس ئوت(دورا) تەييارلاش قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆز ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدىغان ئوت (دورا)لار، شۇنداقلا كۆز ئاسراش ئۇسۇللىرى، كۆز ئاسراش ئەسۋابلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىش ھالقىلىرىنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋردە ئەم ئوتاچىلىق (تېۋىپلىق) گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، راۋاجلانغان.

«دىۋان»دا كۆز ئاغرىقىنى ئەملەشنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقىغا كەلسەك، يەنىلا «يام» ئىبارىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«يوكنۇپ ماڭا ئىملەدى — كۆزۈم ياشىن ياملادى
باغرىم باشىن ئەملەدى
ئەلكىن بولۇپ ئول كەچەر

مەھبۇبىنى خىيال قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ماڭا تازىم قىلدى ۋە مېنى شەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىملىدى. ئۇ قارىشى بىلەنلا كۆز يېشىمنى داۋالىدى، باغرىمنىڭ يارىسىنى ئەملىدى. ئۇ يولۇچى بولۇپ كېتىپ قالدى». (28 - ئىزاھ بىلەن ئوخشاش) بۇ قوشاقتا «كۆزۈم ياشىن ياملادى» دېگەن مىسرانى «كۆز يېشىمنى داۋالىدى» دەپ ئىزاھلىغان بولۇپ، بۇ ئىزاھ بويىچە «ياملادى» ئىبارىسىنى كۆز ئەملەش، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ ھەمدە بۇ ئاتالغۇنى مەخسۇس كۆز ئاغرىقىنى ئەملەشنى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

## باشقا ۋەسقىلەردىكى ئۇچۇرلاردىن يانداشما

شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان مەلۇماتلار «دىۋان»دىن باشقا ئەسەرلەر ۋە ۋەسقىلەردىمۇ كۆپلەپ مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلاردا ئاغرىقلارنى ئەملەش ۋە دورا بېرىش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلار ۋە قىممەتلىك رېتسېپلار قاتارىدا كۆز ئاغرىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارمۇ بار. بۇ بايانلار مۇنداق قۇرلار

بىلەن باشلىنىدۇ.

«كوز ئاغرىغ ئەمى: كىشى ئۆدى، توڭۇز ئۆدى، ئەچكۈ ئۆدى، تاۋشقان ئۆدى بۇ تۆرتەگۇ ـ تە قايۇسى بولسار، (قارا) قاراقاچ ئىغاچ قاسق ـ ىن ئوتتا كويۇرۇپ كۇل ـ ىن ئالىپ سوۋ ـ قا يوغۇرۇپ كوز ـ كە ياقغۇ ئول، بات ئەدگۇ بولۇر. كۆز ئاغرىقىنىڭ ئەمى (داۋاسى): (قارا) قارىياغاچ قوۋزىقىنى ئادەم ئۆتى، چوشقا ئۆتى، ئۆچكە ئۆتى، توشقان ئۆتى (بۇ تۆتىنىڭ قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ) بىلەن كۆيدۈرۈپ كۇلىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، تېز ساقىيىدۇ».

« قايۇ كىشى كېچە ئەدگۇ كۆرمەسەر قارا ئەچكۇ ـ نۇڭ ئۆگسۇز باغىر ـ ىنقا ئىچىنگە پىتپىدنى ساچىپ ئوتقا كۆمۇپ كۆپكىن ئالىپ كۆزگە سۆردگۇل، كېچە ئەدگۇ كۆرۇر.

قايسى كىشىنىڭ كۆزى كېچىسى ياخشى كۆرمىسە (نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالسا)، قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم (ئوغلىقىنىڭ) جىگىرىنىڭ ئىچىگە قارىمۇچ سېلىپ ئوتقا كۆمۇپ كۆپۈكىنى ئېلىپ كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كېچىسى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ»

«كەكەلىك ئۆدىن شەكەر بىرلە تۆز ئۇلۇش قىلىپ كۆز ـ كە سۇردسەر، كۆرمەسەر يەمە كۆرۇر، ئەدگۇ بولۇر، كەكلىك ئۆتىنى شېكەر بىلەن تەڭ ئۇلۇشتە قوشۇپ، كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆز يەنە ئېچىلىدۇ، ساقىيىدۇ.»

«يانا كەكلىكنىڭ ئۆدىن ئالىپ قورىدىپ بورقا بەكىنكە قادىپ ئىچسەر، ئانچاما بور بەكنى ئىچسەر ئەسۇرمەز، ئەدگۇ بولۇر، يەنە كەكلىكنىڭ ئۆتىنى قورۇتۇپ مۇسەللەس ياكى بوزىغا قوشۇپ ئىچىپ بەرسىمۇ (مۇنداق مۇسەللەس ياكى بوزا ئىچسە مەست قىلمايدۇ) كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆز ساقىيىدۇ».

«يانا كىشى ئۆدىن ئالىپ بورلىگ كوزگە سۇردسە ئاچىلۇر.

ئادەم ئۆتىنى بورلىك كۆزگە سۈرتسە ئېچىلىدۇ»

«كۆز ئەمە باشلاتى، كۆز يارۇقسىز بولۇپ، كۆز ـ تە تەلىم سوۋۇق ياش ئاقسار ئۇد ئوتىن كۆز ـ كە سۇرد سەر كوز يارۇق بولۇر. يانا ئەم كوز ـ تە ئىسگ ياش ئاقسار يىگ شەكەر سارىغ مۇنكا چورنى قىلىپ ئىنگەك ياغى بىرلە قادىب بۇرۇنقا قۇدسار ئەدگۇ بولۇر.

كۆز ئەمى(داۋاسى) باشلاندى: كۆز غۇۋالىشىپ كۆزدىن سوغۇق ياش كۆپ ئاقسا، كالا ئۆتىنى كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كۆز ئېنىق كۆرىدىغان بولىدۇ. يەنە ئەم (داۋا) ئەگەر كۆزدىن ئىسسىق ياش ئاقسا خام شېكەر بىلەن سېرىق ماندارىننى ئارىلاشتۇرۇپ ئىنەك مېيى بىلەن قوشۇپ بۇرۇنغا تۇتۇپ بەرسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ»

«يانا ئەم تاۋشقان مېيىسىن ئۇد ئۆدى بىرلە ئىنگەك ياغى قادىپ ئالىنقا سۇردسەر ئەدگۇ بولۇر.

يەنە داۋاسى: توشقان مېڭىسى ۋە كالا ئۆتىنى ئىنەك مېيى بىلەن قوشۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ»

«كىمنىڭ كۆزىن ئاغزىن يەل تارىدىپ قىيىق قىلمىش ئەرسەر(،) قۇندۇز قايىرى، سۆۋتا كىنلەپ تۇردزۇن كوسۇنگۇتە كورزۇگى

كىمگە شامال دارىپ كېتىپ كۆزى، ئاغزى مايماق بولۇپ قالغان بولسا، قۇندۇز قايىرىنى سۇدا ئېزىپ سۈرۈپ ئەينەككە قاراپ بەرسە تۈزۈلۈپ كېتىدۇ

«كۆز ئاغرىغ ئەمى، كوز كۇچسىرەپ ياش ئاقسار، بالىق ئودىن كوز ـ كە ئالىنقا سۇردسەر، ئەدگۇ بولۇر. بۇ سىنالغان ئەم. كۆز كۆرمەسەر، چۇۋتىنى سوۋقا سىملەپ كىنلەپ ئالىنقا سۇرتسەر ئەدگۇ بولۇر.

كۆز ئاغرىقىنىڭ داۋاسى: كۆز زورۇقۇپ ياشاڭغىرىسا، ئىلىق سۈتنى كۆزگە، ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. كۆز زەخىملىنىپ كۆرمەس بولۇپ قالسا، چۆۋت (مۆلەن)نى سۇدا ئېزىپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ»

«دىۋان» ۋە باشقا يازما يادىكارلىقلاردىكى كۆز ئاغرىقلىرى ۋە ئۇنى ئەملەش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار مەيلى قەدىمكى دەۋرلەردە ۋە ياكى بۈگۈنكى دەۋردە بولسۇن ئەمچىلىك ئاتالغۇلىرى، ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تىل تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىنتايىن يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئىلمىي ئاساسى بار. بۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بىرىنچىدىن، بۇ ئۇچۇرلار بىزنى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ يەنىلا قەدىمكى ئەنئەنە ئاساسىدا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى، تىل مەۋجۇتلۇقىنىڭ يەنىلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدەك قانۇنىيەتنى بىلىشتە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، مەيلى «دىۋان»دا ۋە ياكى شۇ دەۋردە يېزىلغان بۇددا ئېتىقادىدىكى ئەسەرلەردە بولسۇن، بەزى ئاتالغۇلار ئورتاق ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: «ئەم داۋا» ئاتالغۇسى قاتارلىقلار.

ئىككىنچىدىن، بىزگە شۇ دەۋردىكى كۆز ئاغرىقلىرىنى ئاتايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ ياسىلىشى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، ئوخشىمىغان كۆز ئاغرىقلىرىغا ئوخشاش بولمىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، بىلدۈرىدىغان مەنىسى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ ساھەدە كۆز ئاغرىقلىرىغا پەرقلەندۈرۈپ نام قويۇش، ئاتاش جەھەتتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال بولالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، شۇ دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ كۆز ئاغرىقىغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەملەش جەريانىدىكى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەمچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولغان كۆز ئەملەش توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئەملەش ئۇسۇللىرى، ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللار، ئەملەشنىڭ جەريانى ھەققىدە ئۇچۇرلارنى بېرىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى كۆز ئەملەش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتىنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، ۋاستىلىك ھالدا شۇ دەۋردىكى فولكلور مەدەنىيىتىمىز ۋە ئەمچىلىك رىسالىچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە بىزنى مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالتىنچىدىن، بۇ ئۇچۇرلارنىڭ پۈتۈلۈشى ۋە بىزگىچە يېتىپ كېلىشىدىن شۇ دەۋردىكى پۈتۈكچىلىك، كىتاب كۆچۈرۈش، شۇنداقلا مەتبەئەچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلاش، تەسىر كۆرسىتىش ئاساسىدا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

يەتتىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمچىلىك ئىشلىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنە ئاساسىدا يوقالماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇ ئاساستا تولۇقلىنىپ، تېخىمۇ بېيىتىلىپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئاساس بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، «دىۋان» ۋە باشقا يازما يادىكارلىقلاردىكى ئەمچىلىككە، جۈملىدىن كۆز ئاغرىقىنى ئەملەشكە ئائىت ئۇچۇرلار بىزنىڭ ھازىرقى تېبابەت تەرەققىياتىمىزغا مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مەھمۇد كاشغەرىي. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك». 1 ـ توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1980 ـ يىلى

ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى.

مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 2 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1983 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، 52 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى.

ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئىزاھاتلار:

① مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 9 ـ بەت.

②③ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم 355 ـ 505 ـ بەتلەر.

④⑤⑥ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 623 ـ، 635 ـ، 423 ـ بەتلەر.

⑦ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 526 ـ بەت.

⑧ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 623 ـ بەت.

⑨ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 496 ـ بەت.

⑩⑪ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 582 ـ، 623 ـ بەتلەر.

⑫⑬⑭⑮ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم 177 ـ، 219 ـ، 4 ـ، 56 ـ بەتلەر.

⑯ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم 74 ـ بەت.

⑰ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە بىرىنچى نەشرى، 3 ـ توم، 577 ـ بەت.

⑱⑲ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 383 ـ، 623 ـ بەتلەر.

⑳ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 405 ـ بەت.

㉑ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 410 ـ بەت.

㉒㉓ مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى،

ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 25 ـ، 505 ـ بەتلەر.
㉔㉕ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 201 ـ، 372 ـ بەتلەر.
㉖ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 159 ـ بەت.
㉗ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 254 ـ بەت.
㉘ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 115 ـ بەت.
㉙ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 623 ـ بەت.
㉚㉛㉜ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 404 ـ 368 ـ 360 ـ بەتلەر.
㉝㉞㉟㊱㊲ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـيىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 56 ـ 556 ـ 102 ـ 56 ـ 526 ـ بەتلەر.
㊳ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 635 ـ بەت.
㊴ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 595 ـ بەت.
㊵㊶ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 2 ـ توم، 355 ـ 182 ـ بەتلەر.
㊷㊸㊹㊺㊻㊼ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى، 1 ـ توم، 383 ـ 625 ـ 686 ـ 394 ـ، 552 ـ 637 ـ بەتلەر.
㊽㊾㊿⑸⑹⑺⑻⑼⑽ ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 333 ـ، 334 ـ، 335 ـ، 335 ـ، 336 ـ، 338 ـ، 339 ـ، 342 ـ، 346 ـ بەتلەر.

(ئاپتور ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەددىي ئىسكەندەرىي» داستانى ھەققىدە تارىخىي تەلقىنلەر

ئابلەت ياسىن بابا

ئەلىشىر نەۋائىي كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر بۈزرۈكلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇچمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا گىگانت سانىلىپ كەلمەكتە. نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىستېداتىنىڭ چوققىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «خەمسە»سى مەيلى تىل ئۇسلۇبى بولسۇن ياكى ئىپادە قىلىنغان مەزمۇن، ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيەسى بولسۇن ھەر جەھەتتىن ناھايىتى يۈكسەك پەللىگە يەتكەن بولۇپ، نەۋائىيشۇناسلىقتىكى مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. بۈيۈك شائىر، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنىڭ گۈل تاجى بولغان «سەددىي ئىسكەندەرىي» داستانى «خەمسە»نىڭ تۆگەنچى قىسمى، نەۋائىينىڭ «يىغىشتۇرسا بولماس بارى ئالتە ئاي، كى بولدۇڭ بۇ رەئناغا سۈرەتناماي» دېگەن مىسرالىرىغا قارىغاندا بۇ ئەسەر ئالتە ئاي ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈزۈلگەن بولۇپ، تەخمىنەن ھىجرىيە 890 ـ يىلى، مىلادىيە 1485 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ داستان نەۋائىي خەمسەسىدىكى ھەجمى ئەڭ چوڭ بولغان داستان بولۇپ، پۈتكۈل داستان 89 باب، 7182 بېيىت، 14364 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. بۇ داستاننى نەۋائىي قىرىق ياشلاردىن ئاشقان چاغلىرىدا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە ئەقلىي خۇلاسە جەھەتتىكى يۈكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## باش بايان

نەۋائىيدىن بۇرۇنمۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي، نىزامىي گەنجىۋى، ئەمىر خۇسراۋ، جامىي قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، نەۋائىي بۇلارغا ئىجابىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئۆزگىچە يول تاللىغان. نەۋائىي ئىلگىرىكى ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان ئىسكەندەرگە ئائىت مەزمۇنلارنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىلەن بىللە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىسكەندەرگە ئالاقىدار تارىخىي رىۋايەت ـ قىسسىلەردىنمۇ كۆپ پايدىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرىدە چىن مەملىكىتى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. نەۋائىينىڭ «سەددىي ئىسكەندەرىي»دىكى ئىسكەندەر ئوبرازى ئاجايىپ مۇكەممەل، ئادىل پادىشاھنىڭ ئوبرازى بولۇپ، داستاندا ئىسكەندەرنى ئاجايىپ ئىدېئال ئوبراز سۈپىتىدە سۈرەتلىگەن.

ئىسكەندەر تارىختا رېئال ئۆتكەن شەخس. ئەمما، نەۋائىينىڭ خەمسەسىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازى ئەلۋەتتە تارىخىي ئوبراز بولماستىن، بەلكى غايىۋىلەشتۈرۈلگەن سىمۋوللۇق ئوبرازدۇر. بۇ ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ شەرق دۇنياسىدا شۇنچە كەڭرى تارقىلىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، تىللاردا داستان بولغان ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مەنبەۋى ئىلھامىمۇ دەل شۇ قىسسەدىدۇر. ناھايىتى سىرلىق ئەمما ئىدېئال بايانلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىسكەندەر ئوبرازى شەرق كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئورتاق نۇقتىدۇر. كونكرېت كونتېكىستتا سۆزنى پەرقى بولغان بۇ ئوبراز ئىدېئاللاشتۇرۇش، غايىۋىلەشتۈرۈش نۇقتىسىدا ئۆزئارا كېسىشىدۇ. نەۋائىينىڭ سەددىي ئىسكەندەرنى مۇتائىلە قىلىشتىن

بۇرۇن ئىسكەندەرنىڭ تارىخىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئۇچۇر ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىش بەلكىم ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

ئىسكەندەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، تارىخىي يازمىلار، بەدىئىي ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ. ئەمما، شۇ كىلاسسىك يازمىلاردىكى ئىسكەندەر ئوبرازى بىلەن رېئاللىقتا ئۆتكەن، تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازى مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بەدىئىي يازمىلاردا ئادالەتلىك، ئىدېئال شاھ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئىسكەندەر غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا بولسا جاھانگىر قىلىپ مەلۇماتلىنىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرنى سەل گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر.

## تارىخ بەتلىرىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازى

ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى فىلىپ II ( شەرق مەنبەلىرىدە فەيلەقۇسمۇ دېيىلىدۇ) بولۇپ، رەسمىي يازما خاتىرىلەردە «فىلىپ II يىپۆلوس رايونىدىكى موراشنىڭ مەلىكىسى ئولىمپىيە بىلەن توي قىلىدۇ. ئولىمپىيە ئىمپېراتور ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىدۇر» دېيىلىدۇ. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ماكېدونىيەنىڭ پايتەختى پىلا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئىسكەندەر ئاتىسى فىلىپ II نىڭ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشى شۇنداقلا يۇنانىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىنىڭ ئەستايىدىل تەربىيەلىشى نەتىجىسىدە ناھايىتى تەدبىرلىك چوڭ بولغان. ئېيتىلىشىچە، مەشھۇر ئالىم ئارىستوتېل ئۇنىڭغا ئۇستاز، كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرىدە مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئون ئالتە يېشىدىن باشلاپ ئاتىسىغا ئەگىشىپ جەڭگە قاتناشقان. ئون سەككىز يېشىدا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. ئىسكەندەرنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى ناھايىتى تويۇقسىز بولغان بولۇپ، دادىسى «فىلىپ II پارسلارغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. كۈتۈلمىگەندە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 336 ـ يىلى يازدا، قىزىنىڭ توينى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.» ئۇنىڭ قاتىلى ماكېدونىيەلىك بۇسانىئا بولۇپ، ئۇ فىلىپ II نىڭ سىياسىتىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقىغا نارازى بولۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىسكەندەر ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئاران يىگىرمە ياشتا ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن «ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىدۇ. سودا ـ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەربىي جەھەتتە پىيادە، ئاتلىق ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىللەيدۇ». بۇ خىل دانا سىياسەتنىڭ رىغبەتتى بىلەن ماكېدونىيەنىڭ كۈچى تېز ئاشقان بولۇپ، گىرېتسىيەدىكى شەھەر دۆلەتلىرىمۇ ئىسكەندەرگە ئېغىشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا « ماكېدونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا دۇچ كەلگەن شەھەر دۆلەتلىرىدە ماكېدونىيەپەرەسلەر مەيدانغا چىققان». بۇ ئەھۋال ئىسكەندەرنىڭ پۈتۈن يۇناننى تېزلا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرققە يۈرۈش قىلىشىغا پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

«مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 334 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين يىگىرمە ئىككى يېشىدا بالقان دۆلەتلىرىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئوتتۇز مىڭ پىيادە ئەسكەر، بەش يۈز مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ۋە بىر يۈز ئاتمىش ئۇرۇش كېمىسىگە قوماندانلىق قىلىپ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارقىلىق شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ». شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، گىرانىك دەرياسى بويىدا پېرسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن تۇنجى قېتىم توقۇنۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى تۆۋەندىكىدەك بىر رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى

ئىسكەندەر دادىسى فىلىپتىن كېيىن سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، دادىسى پېرسىيە ئىمپېراتورى داراغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئولپان تاپشۇرۇشنى توختىتىپ قويىدۇ ۋە ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالتۇن تۇغمىدىغان توخۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ پېرسىيەنىڭ ئولپان تاپشۇرمايمەن دېگەنلىكى بولۇپ، بۇ ۋەقەلىك تارىخ كىتابلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «...ئىسكەندەر تەختكە ئولتۇردى ۋە داراغا خىراج ئەۋەتمىدى. ئەرسە، دارا ئەلچى ئەۋەردىكىم ‹ ئەي ئىسكەندەر، سەن ئاتاڭدىن ئۇلۇغ، كۈچلۈك ئەرمەسسەن. ئاتاڭ ئاتامغا خىراج بەرگەن ماڭا ھەم خىراج بەرگەن. سەن خىراج ئەۋەرگىل. فەيلەقۇس داراغا بىر مىڭ ئالتۇن تۇخۇم ۋە يەنە نەچچەند ئۇشتۇرمۇرغ تۇخۇمى خىراج بىرۇر ئەردى. ئىسكەندەر جاۋاب ئەۋەردىكىم ‹ ئول تۇخۇم قويادۇرغان قۇش بۇ جەھاندىن پەرۋاز قىلىپتۇر...» بۇ ئىشتىن كېيىن پېرسىيە بىلەن ماكېدونىيە ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئۇرۇش پارتلايدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 333 ـ يىلى سۈرىيەنىڭ ئىسسۇس شەھىرىدە پېرسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان 2 ـ قېتىملىق توقۇنۇشتا، گەرچە پېرسىيە قوشۇنلىرىغا دارا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 332 ـ يىلى ئىسكەندەر ھېچبىر قارشىلىقسىز مىسىرغا بېسىپ كىرىدۇ ھەم ئۆزىنى مىسىرنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلايدۇ. پېرسىيە ئىمپېرىيەسىدىن تويۇپ كەتكەن خەلقلەر ئۇنى قارشى ئالىدۇ. ئىسكەندەرمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ نىل دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدا ئۆز نامىدا يېڭىدىن ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى سالدۇرىدۇ.

ئىسكەندەر مىسىردا ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتىدىن رەتكە سېلىپ ۋە تولۇقلاپ، كىچىك ئاسىيا، فىنىكىيە، پەلەستىنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئىگىلەيدۇ. سۈرىيەدىن ئۆتۈپ، مېسسوپوتامىيەگە كىرىدۇ ۋە تىگىر دەرياسىنىڭ شىمالىدا دارانىڭ قوماندانلىقىدىكى توقسان ئىككى مىڭ (سەكسەن مىڭ پىيادە، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق) ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، پېرسىيە شاھى دارانى 3 ـ قېتىم مەغلۇپ قىلىدۇ. ئىران پايتەختىنى ئىگىلەيدۇ. بابىلونغا بېسىپ كىرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ پېرسىيە ئوردىسىدىن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئېرىشكەن بولۇپ، «تەخمىنەن مىڭ قېچىر، ئۈچ مىڭ تۆگىلىك بايلىقنى يۆتكەپ كەتكەن».

«ئىسكەندەر گرانىك، ئىسسۇس ۋە گاۋگامىلدا پېرسىيە پادىشاھى دارانى ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى». لېكىن، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولمىغان. «ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، مىسىر، بابىلىيە ۋە پېرسىيەنى بېسىۋالغان ئىسكەندەر مەركىزىي ئاسىيانىڭ بوسۇغىسىدىلا ئۈچ ـ تۆت يىل تۇرۇپ قالدى». يەنى ئىسكەندەرنىڭ بۇ يەرلەردىكى يۈرۈشلىرى تازا ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن. ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يۈرۈشى، يەنى «بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاخمانىيلار ‹پېرسىيە› ئىمپېرىيەسى بىلەن گرېك ماكېدونىيە خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇش ئاياغلاشقان ھالەتتىكى ئىستېلا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى خاراكتېرىنى ئالغانلىقىدا ئىپادىلەندى». ئىسكەندەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈشى ناھايىتى جاپالىق ھەم دەھشەتلىك بولغان.

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ساكلار باشچىلىق قىلغان، سوغدىيانا ۋە باكتېرىيەدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. ئىسكەندەر شۇ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىلى) قىشتا باكتېرىيەگە كىرىپ، ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەنە شەرقىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ سىر دەرياسى بويلىرىغىچە بارىدۇ. بۇ يەردە سوغدى ئەللىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. سوغدىلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلالماي، سەمەرقەنتكە چېكىنىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 328 ـ يىلى، ئىسكەندەر

سوغدانىيەگە يەنە بىر قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، ناھايىتى زور بەدەل ھېسابىغا غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قايتىدىن بىرلىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلەرنى يېنىغا تارتىدۇ. ئۇلارغا ھوقۇق بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ۋە تۇرمۇش شەكلىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى بىر ئاز پەسەيتىدۇ. بۇنىڭغا ئالدانماي داۋاملىق كۈرەش يولىنى تۇتقان سوغدىلارغا قارىتا بولسا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 327 - يىلى، ئۇلارنىڭ بىرقانچە مەركەزلىك نۇقتىلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ، باش ئەگكەنلەرنى كەچۈرىدۇ، بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنىڭ بېشىنى ئالىدۇ.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 327 - يىلى، ئىسكەندەر ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىدۇ. كېيىنكى يىلى گانگى دەرياسى بويىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ھىندىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھالدا چارچاپ كەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا تازا رايى بارمايدۇ. شۇنداقتىمۇ نۇرغۇن قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئاندىن ھىندى دەرياسى ۋە ھىندى تېغى ئەتراپىدىكى پەنجاپ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىشنى ئىزدىسىمۇ، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنلىكى ۋە قوشۇندا تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەل تۈپەيلى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 325 - يىلى، ھىندىستاندا ئۆز نامىدا سەتراپ قالدۇرۇپ قويۇپ، ئاسىيادىكى يېڭى پايتەختى بابىلغا (بابىلۇن) يېتىپ كېلىدۇ. ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى ئەرەب ئەللىرىگە يۈرۈش قىلىشنى پىلانلاۋاتقاندا كېسەل ۋە ھاردۇق سەۋەبىدىن بابىلدا ۋاپات بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ئۈچ ياش ئىدى. ئىسكەندەر قىسقىغىنا ئوتتۇز ئۈچ يىللىق ھاياتىدا ياۋروپادىن ئاسىياغا سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيەگە ئىگە بولغان بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن تولىمۇ شانلىق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ يۈرۈشلىرى تۈنجى بولۇپ غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرغان.

## كىلاسسىك مەنبەلەردىكى ئىسكەندەر

قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر دەپ تەرىپلەنگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوبرازى كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە تولىمۇ زوق - شوق بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئىسكەندەر ئوبرازى بايان قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر مۇئەللىپىنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى ئادالەتپەرۋەرلەرنى، ئىدېئال كىشىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان مەيدانغا ئايلانغان. ئۇلار ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز غايىسىنى ئىپادە قىلىشقان. نىزامىي گەنجىۋىنىڭ «ئىسكەندەرنامە»، خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ «ئايىنەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەينىكى)، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەرىي» (ئىسكەندەر سېپىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىسكەندەر ھەققىدىكى قىسسەنىڭ ئەجايىبي بايان قىلىنىشى بىز ئۈچۈن ناھايىتى يارقىن، ئۆچمەس بىر تېپنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بەرگەن، بەدىئىياتتىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوبرازى تارىخىيلىقنى يۈكسەك غايىۋىلىككە يۇغۇرۇۋەتكەن بىر تىپ. ئەگەر ئۇنى تارىخ دېيىشكە توغرا كەلسە، يازما ئەسەرلەردىكى تارىخ پەقەت ئۇنىڭ رېئاللىقتا ئۆتكەن بىر تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت، خالاس. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار تەسەۋۋۇر، خىيال، ئارزۇ - ئۈمىدنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بەدىئىياتتىكى ئىسكەندەر تارىختىكى ئىسكەندەر ئوبرازىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. ئىسكەندەرنىڭ بەدىئىياتتا بۇنداق كۆككە كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە ئىسكەندەر ئوبرازى شەرق دۇنياسىدا

بىر مەھەل ھەققانىي، ئادىل پادىشاھلارغا مىزان، ئۆلچەم بولدى. ئىسكەندەردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قالغىنى خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە تەسىرىنى يوقاتمىغان ئېللىنىزىم مەدەنىيىتى ۋە غايىۋىلەشتۈرۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازىدۇر. ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ يورۇتۇلۇشى سىرلىق توپ يەجۇجى ـ مەجۇجىلەرگە باغلىنىپ تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر ئىسكەندەرنىڭ ئادالىتىنىڭ مۇھىم پاكىتىدۇر، شۇنداقلا نەۋائىي «خەمسە»دىكى ئىسكەندەر سېپىلىغا يىپ ئۇچى بولغان مۇھىم باشلانمىدۇر.

يەجۇجى ـ مەجۇجى ۋە ئۇلارغا قارشى سېلىنغان سېپىل ئىسكەندەر قىسسەسىدىكى دىققەتنى تارتىدىغان، ئەمما كىشىگە تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان مەزمۇن بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە بەزىبىر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ ئىدېئاللاشتۇرۇلۇشى دەل مۇشۇ سېپىلنى باشلانما قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى يەجۇجى ـ مەجۇجى ۋە سېپىلنىڭ تەتقىق قىلىنىش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات قاتارى گوللاندىيەلىك دې گوينىڭ تەتقىقاتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئىزدەنگەن بولۇپ، بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى بىرنەچچە سەيياھلارنىڭ سەپەر خاتىرىسىنى تۇتقا قىلىپ بۇ ھەقتە يەكۈن چىقارغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىبنى خورداذبېھنىڭ «يوللار ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدىكى تەرجىمان سالامنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسى ئاساسىدا قەلەمگە ئېلىنغان يەجۇجى ـ مەجۇجى ھەققىدىكى بايانلىرى بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئابباسىيلار خەلىپىسى ۋاسىق بىللاھ (842 ـ يىلىدىن847 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) چۈشىدە ئىسكەندەر سالدۇرغان سېپىلنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوتتۇز نەچچە خىل تىلنى بىلىدىغان سالامنى نۇرغۇن ئادەم، پۇل ـ مال بىلەن يولغا سېلىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى، سالامنىڭ ئون ئالتە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ سېپىلغا بېرىپ، ئۇ يەردىن سېپىلنىڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ، يەنە ئون ئىككى ئاي سەرپ قىلىپ ساماراغا قايتىپ كېلىپ، ئېلىۋالغان تۆمۈرنى خەلىپىگە كۆرسەتكەن. بۇ خاتىرىدە سالامنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە تەپسىلىي نەقىل ئالمايمىز. ئەمما، ئۇنىڭ ئەسىرىدە ئىسكەندەر سېپىلىغا راستلا بارغانلىقى، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللار ۋە يەجۇجى ـ مەجۇجىلەرگە ئائىت بايانلار تولىمۇ تەپسىلىي بولۇپ، كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى يەر نامىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش، بەلكىم بۇ گاڭگىرىشىمىزغا ئازراق ئۇچۇر بېرەلىشى مۇمكىن. ئەسەردە « اللب، ايكه » دېگەن ئىككى يەر نامى سېپىلنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى، تەتقىقاتچىلار سالامنىڭ سەپەر لىنىيەسىنى بويلاپ تۇرۇپ مۇشۇ يەر ناملىرىنى تۇتقا قىلىپ سېپىلنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ چىققان. دې گويې قۇرئان كەرىم، ئىنجىل، تەۋرات ۋە يەنە باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ سالامنىڭ سەپەر خاتىرىسىنى راست، دەپ بېكىتكەن ۋە شۇ ئاساستا گەنسۇدىكى قاشقوۋۇقنى ئىسكەندەر سالغان سېپىل دەپ خۇلاسە چىقارغان. سېپىلغا بېرىشىدا ئۆتكەن « ايكه » شەھىرىنى ئېۋۇرغول، يەنى قومۇل، قايتىشىدا ئۆتكەن « اللب » شەھىرىنى لوپ يەنى بۈگۈنكى لوپنۇر دەپ قارىغان. گەرچە بۇ سەپەر خاتىرىسىدە ناھايىتى كۆپ زىددىيەتلىك تەرەپلەر ۋە ئادەم ئىشەنگۈسىز مەزمۇنلار بار بولسىمۇ، ئەمما ۋەتىنىمىز جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەردىكى تەتقىقاتچىلار بۇ سەپەر خاتىرىسىنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەپ چىققان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا قىستۇرما قىلىنغان دۇنيا خەرىتىسىدە يەجۇجى ـ مەجۇجىلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئورنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر ھەققىدە دىۋاندا مۇنداق مەلۇماتمۇ بار: چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ تىللىرى

ئايرىم بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركىي تىلنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ - دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۈجى - مەجۈجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس. تۇبۇتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار. شۇنىڭدەك خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى بار. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈركىي تىلنى چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باياندىن بىز يەجۈجى - مەجۈجلەرنىڭ چىن، ماچىن، تىبەت ۋە خوتەن بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭدىن بۇلار ئۇزئارا قوشنا ياكى بىر - بىرىگە يېقىن جايلاردا ياشىغان دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. يەجۈجى - مەجۈجلەر زامان جەھەتتىن قىتان (لياۋ)، سۇڭ سۇلالىسى ۋە تىبەتلەر بىلەن خوتەنلىكلەر ۋاقتىدا يۇقىرىدا دېيىلگەن جايلارنىڭ ئارىسىدا شۇلار بىلەن قوشنا ياكى يېقىن جايلاردا ياشىغان بولىدۇ. دىۋاندىكى خەرىتىدە يەجۈجى - مەجۈجلارنىڭ جايلاشقان ئورنى شەرقىي جەنۇب تەرەپتە قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىسكەندەر سېپىلى تەخمىنەن ھالدا مۇشۇ جايلاردا بولغان بولىدۇ. كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۈگۈنكى خېشى كارىدورىنى ئىسكەندەر ياساتقان سېپىل، يەجۈجى - مەجۈجلارنىڭ بۇ يەرگە جايلىشىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئىسكەندەر بولسا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە ياشىغان شەخس. شۇنداق بولغاندا ئىسكەندەر سېپىلىمۇ شۇ ۋاقىتلاردا ياسىتىلغان بولىدۇ. ئىسكەندەر ياشىغان ۋاقىتلاردا خېشى كارىدورىدا توخرىلار ۋە ئۈيسۈنلار بولۇپ، توخرىلاردىن مەغلۇپ بولغان ئۈيسۈنلار ھۇنلارنى پاناھ تارتىپ بارغان. ھۇنلار توخرىلارنى ئىككى قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنى ئىسسىقكۆل بويلىرى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىغا قوغلىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ماكانىنى ئىگىلىۋالغان. خەن سۇلالىسى بۇنىڭدىن خەۋپ ھېس قىلىپ ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سېپىل ياساتقان. ئەمما، ئىسكەندەر سېپىلى خەن سۇلالىسىنىڭ خېشى كارىدورىدىكى جايلاردا سېپىل ياساتقىنىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن بولغان بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسكەندەر بۇ جايدا خەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن سېپىل ياساتقان بولۇپ، خەن سۇلالىسى ياساتقان سېپىل ئىسكەندەر سېپىلىنىڭ داۋامىمۇ ياكى شۇنىڭدىن ئۆزگەرتىپ ياسىتىلغانمۇ؟ يەنە بىر مەسىلە، نۆۋەتتە قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ئەڭ يىراق بولغاندا ھىندى دەريا ۋادىسىدىن خېشى كارىدورى خېلىلا يىراق بولۇپ، بۇمۇ ئىسكەندەر سېپىلىنى قاشقوۋۇقتا دەپ ھۆكۈم قىلىشتا چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بىر مەسىلە. ئەمما، تەبەرىينىڭ «تارىخى تەبەرىي» ناملىق ئەسىرىدە ئىسكەندەرنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن: « ... ئاندىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا باردىلەر، پادىشاھى ھىندىستان بىلەن جەڭ قىلدىلەر. ئانى ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا پادشاھ قويۇپ، تۈبەتكە باردىلەر. ئاندىن ئۆتۈپ چىن ئېلى بىرلە مەشرىق زەمىنىگە باردىلەر...» يەنە كېلىپ ئىسكەندەر سېپىلىنى ھازىرقى ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمىنىيە ئوتتۇرىسىدىكى كافكاز تاغلىرى ئارىسىدا دەپ قارايدىغانلارمۇ بار بولۇپ، ھەر ئىككى قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە ئاساسلىرى بار. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ كېسىپ ھۆكۈم چىقىرىش قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ، سېپىلنىڭ زادى قەيەردىلىكىنى بېكىتىشتە يەنىمۇ كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال توپلاپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە دىۋاندىكى بايانلار بىلەن بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن ياشىغان سالامنىڭ سەپەر خاتىرىسىدىكى مەزمۇنلار مەلۇم نۇقتىدا كېسىشىدىغان بولۇپ، ھەممىيلەن قىزىقىدىغان قىسسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممە پىكىر يۈرگۈزىدىغان، سۆزلەيدىغان تېمىغا ئايلانغان ھەمدە بۇ سېپىلنىڭ كونكرېت

ئورنىنىڭ بېكىتىلىشى توغرىسىدا كۆپ كۈچ چىقىرىپ مۇلاھىزە قىلىشقان ۋە ئېنىق ئورنىنى بېكىتىشتە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. دېۋاندىكى بايانلاردىنمۇ ئەينى ۋاقىتتا دىيارىمىزدا ئىسكەندەر سېپىلى ۋە يەجۇجى - مەجۇجىلارنىڭ ئورنى ھەققىدە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. چۈشەنچىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى يەنە باشقا مەسىلىدۇر.

## «خەمسە»لەردە ئىسكەندەر

ئىسكەندەرگە بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئىسكەندەرگە بەرگەن باھاسىمۇ ھەر تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سىدە ئۇنىڭغا بىرقەدەر ئوبيېكتىپ باھا بېرىلگەن. نىزامىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر ئېزىلگەن خەلقلەرنى زۇلۇمدىن، ئۇرۇش - ماجىرالاردىن قۇتقۇزغۇچى، ئادالەتنى ياقلايدىغان ئادىل پادىشاھتۇر. ئىرانلىق سەئىد مەھدى ھەمدانىي يازغان «ئىسكەندەرنامە» دېگەن بىر يۈز ئەللىك تۆت قىسسەدىن تەركىب تاپقان ئەسىرىدە ئىسكەندەر ئوبرازى خاراكتېر جەھەتتىن بىرئاز ئاجىز بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىسكەندەرگە ئائىت ئەپسانىۋى، فانتازىيەلىك بايان تولىمۇ كۆپ بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى سېھىرگەرلەر، جادۇگەرلەر بىلەن يانداش تەسۋىرلىنىدۇ. ئىسكەندەر نۇرغۇن ئىشلارنى ئەنە شۇ جادۇگەر، سېھىرگەرلەرنىڭ ياردىمىدە ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. زايىت ئاخۇن پازىلبايىنىڭ ئوتتۇز بىر قىسسەلىك «ئىسكەندەرنامە»سىدە ئىسكەندەرنىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە «ھەزرىتى ئىسكەندەردىن ئاۋۋالقى پادىشاھلىقلاردىن كېيىنكى پادىشاھلىقلارغىچە، بۇ ئالەمدە ھېچبىر پادىشاھ ئۇنداق قىلغان ئەمەس، ئەلمۇ ئۇنداق پادىشاھقا مۇيەسسەر بولغان ئەمەس». دېمەكچىمىزكى، ئىسكەندەر ئوبرازى خىلمۇخىل قەلەم ئاستىدا ھەر خىل يورۇتۇلغان. ناۋادا بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق نۇقتا بار دېيىلسە، ئىدېئاللاشتۇرۇش بەلكىم بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق تەرەپتۇر.

ئۆز ئوتۇپىيەسىنى ئىسكەندەرگە يۈكلەپ، ئۇنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن كىشى بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائىيدۇر. ئۇ «خەمسە»سىنىڭ بىرسى بولمىش «سەددى ئىسكەندەريي» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل، باياشات، زۇلۇم بولمىغان غايىۋى جەمئىيەت ۋە ئادالەتلىك شاھ ھەققىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئىسكەندەر ئوبرازىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇنىڭدا تارىخ مەنبە قىلىنىش بىلەن بىللە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىدېئاللاشتۇرۇش ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، مۇكەممەل، كەم - كوتىسىز ھالەتتە يارىتىلغان بىر ئوبراز كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ شەرق ئەدەبىياتىغا كىرىشى پارسچە مەنبەلىك ماتېرىياللارنى باشلانما قىلىدۇ. «گىرېتسىيەلىك ئالىكساندىر (يەنى ئىسكەندەر) ئوبرازىنىڭ پارس ئەدەبىياتىغا كىرىشى، پەھلەۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا ئاغدۇرۇلۇش، ئۇنىڭدىن يەنە پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشتەك جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئىسكەندەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئەڭ ئاۋۋال پەھلەۋى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبلەر پېرسىيەنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن پەھلەۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ھېكايە ئەرەبلەر ئىچىدە تارقىلىش جەريانىدا ئەرەبلەردىكى پادىشاھ شىمۇر بىن يائارش ھېكايىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ھېكايىلەر پارسلارغا ئۆزلەشكەن. فىردەۋسىي ۋە نىزامىيلار ياراتقان ئىسكەندەر ئوبرازى ئەنە شۇ پارسلارغا قايتقان ماتېرىياللار ئاساسىدا يارىتىلغان».

رايونىمىزدا تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان 11 - ئەسىرگە تەۋە ئابىدىلەردىمۇ ئىسكەندەر

ھەققىدە مەلۇماتلار بار بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا Aleksandros دەپ يېزىلغان. دېمەك، ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئىسكەندەر بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلار، پارس، ئەرەبلەردە ئەدىبىيلاشقان ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزغا سىڭىپ كىرىشى دېگەندەك كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن. نەۋائىينىڭ ئىسكەندەر ھەققىدىكى باياني بەلكىم مۇشۇ كۆپ قىرلىق جەريانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەري»سى توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى تەھلىللىرىمىز بۇ سۆزىمىزنى تېخىمۇ تەھقىقلەپ بەرسە كېرەك.

نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر

نەۋائىي نەزىرىدىكى ئىسكەندەر زادى قانداق ئوبراز؟ نەۋائىي ئىسكەندەر ئارقىلىق نېمىنى ئىپادە قىلماقچى، نېمە دېمەكچى؟ «سەددى ئىسكەندەري»نىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قۇرلىرى بىزگە بۇ ھەقتە تولىمۇ گۈزەل جاۋابلارنى بېرىدۇ.

نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىسكەندەرنىڭ قانداق شەخسلىكى، يەنى ئۇنىڭ تەرىپ ـ تەھسىنى ھەققىدە، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي مەزمۇنلار سۆزلەنگەن بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ يۈكسەك ئىلمىي كامالىتى، جاسارىتى ۋە ھىممىتى، ئەدلى ـ ئادالىتى تولىمۇ زوق بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىسكەندەرنىڭ ئەسلىدىنلا شاھلىققا لايىق، جاھان ئارا تەڭداشسىز گۈلگۈن بىر ئىنسان ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ:

جەھان ئىچرە سەن بىلمىگەن يوق ئۇلۇم،
بىلۇر ئالەم ئەھلى نېكىم ئەھلى رۇم.
خەلايىققا يوق ھېچ ئىشىڭ نىسبەتى،
جەھان ئىچرە سەن تەڭرىنىڭ قۇدرەتى.

فەلەك شەمئى رايى مۇنىرىڭ سېنىڭ،
مەلائىك چىراغى زەمىرىڭ سېنىڭ.
يوق ئىسكەندەرى ئالەم ئارادا بەھەس،
ئېرۇر بەلكى خىزرۇ مەسىھادا بەھەس.

ئاتادىن ئوغۇل بولماغاي سەن كەبى،
ئەدۇۋ ئۇزرىنى قولماغاي سەن كەبى.
ۋۇجۇدۇڭدا پىنھان خىرەد يارلىغ،
جەمەلىڭدا پەيدا جەھاندارلىغ.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋائىي نەزىرىدىكى ئىسكەندەر جاھان ئىچىدە يەكتا بىر ئىنسان بولۇپ، ئۇنىڭدا بار سۈپەت بەلكىم ئىككىنچى بىر ئىنساندا تېپىلماس. ئۇنىڭ بۇ يۈكسەكلىكى جاھاندارلىققا نىشانە بولۇپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەۋزەللىكلەرنىڭ بىرسى سانىلىدۇ. ئەمما، نەۋائىينىڭ ئۆز ئىدىيەسىدىكى ئىدېئال، غايىۋى بىر جەمئىيەت رامكىسىدىكى ئىسكەندەرنى سۈپەتلەشلىرىگە قارىغاندا، ئۇ قانداقتۇر « زۇلۇمدىن خالىي، شاھسىز بىر شەھەر سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى ئىسكەندەرنى بىلىملىك، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى».

ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا نەۋائىينىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، يۇقىرى قاتلام ئىشلىرىنى چۈشىنىدىغان بىر شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئەمەلىيەتكە يېقىنراق، ئىدېئال، ئەمما خىيالىي ئەمەس، غايىۋى، بىراق قىممەتسىز ئەمەس بىر ئىدىيە ـــ ئىسكەندەر ئوبرازىنى ئۆزگىچە خاس بىر شەكىلدە مەيدانغا چىقارغان. ئەلۋەتتە نەۋائىينىڭ قەلىمىدىمۇ ئاجايىپ يۈكسەك تەھسىنلەر ئوقۇلغان قۇرلار بار، ئەمما خۇلاسىگە قارايدىغان بولساق، يەنىلا ئەمەلىيەتچىل، تۇرمۇشقا يېقىنراق پۇراق

چىقىدۇ. گەرچە نەۋائىينىڭ ئىدىيەسىمۇ ئىدىياللىقتىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما نەۋائىينىڭ ئەكس ئەتكۈزگىنى يەنىلا ئەمەلىيەتچىلرەك بىر ئوبرازدۇر. بۇنى نەۋائىينىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنىڭ بىرسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، چوڭ بىر ھاكىمىيەتتە ۋەزىر بولغان ئادەم بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، رېئاللىقتا نېمىلەرنىڭ مۇمكىن بولۇپ، نېمىلەرنىڭ خىيالىي ئەقىدە سۈپىتىدە قالىدىغانلىقىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيسى ۋە ھۆكۈمرانلار قاتلىمىغا تەۋە بولغان نەۋائىي چوڭقۇر چۈشىنەتتى. مانا بۇ تەرىپىنى نەۋائىينىڭ «ئىسكەندەر»نىڭ باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈرىيەتكى، نەۋائىي قەلىمىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازى تارىختىكى ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ئەمەس.

نەۋائىينىڭ بۇ داستانىدىكى ئاساسىي تېما ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنى ئاساس قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇرۇش ئارقىلىق ئىسكەندەرنىڭ ئوبرازىنى بارغانسېرى پارلاتقان. ھەربىر جايدىكى ئۇرۇشتا ئىسكەندەرنىڭ بىر پەزىلىتى، بىر ئارتۇقچىلىقى گەۋدىلىنىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە بۇ يۇرۇشلەر ئەلنىڭ تەلىپى بىلەن بولغان بولۇپ، «ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قوبۇل ئەتمەگۈڭ، بۇ مۇلك ئەھلى فەريادىغە يەتمەگۈڭ». دېگەن قۇرلار ئارقىلىق بۇ نۇقتا روشەن يورۇتۇلغان. ئۇرۇشلار ئارقىلىق «ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەتىنى زوراۋانلىقنى يېڭىپ، دۇنيادا ئادالەت تۇغىنى ئورناتقۇچى دەپ گەۋدىلەندۈرىدۇ». نەۋايئىينىڭ داستانغا قارايدىغان بولساق، ئىسكەندەر دادىسىنىڭ تەختىگە ياشلا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆز مەملىكىتىدىكى ھەكىملەردىن بولمىش ئەرەستۇ، سوقرات، بەتلىنۇس، بۇقرات قاتارلىقلاردىن ئىلىم ــ ھېكمەت تەلىم ئالىدۇ ۋە جاھانغا ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈن يۇرۇشلەرنى قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ تەسۋىرىچە، ئىسكەندەرنىڭ تۇنجى بولۇپ قىلغان يۇرۇشى ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ ئىككىنچى تەبەقەسى كەيانىيلاردىن دارا بىلەن ئۇرۇشىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىپ، ئېلىنى بويسۇندۇرىدۇ، بۇ يەرلەردە ئادالەت ئورنىتىدۇ. ئۆلۈش ئالدىدىكى داراغا ئاجايىپ مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچلا تەلىپىنى ۋەسىيەت بىلىپ بەجانىدىل ئورۇنلايدۇ. بۇ ۋەقەلەر تۆۋەندىكى قۇرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتكۈزۈلىدۇ.

سكەندەر چۈشۈپ كەلدى دارا سارى،
ئىشى تۈشتى رىفقۇ مەدارا سارى.

كىم ئول ئۈچ سۆزۈم ۋەسىيەت دۇرۇر،
كى ئىزھارى كۆڭلۈمگە نىيەت دۇرۇر.

كۆرەركىم ياتۇر جىسمى قان ئىچرە غەرق،
تاپىلماي ئانىڭ بىرلە قان ئىچرە فەرق.

سكەندەر تۆكۈب ئەشكۇ تارتىپ نەفىر،
دېدى: كەي شەھەنشاھى گەردۇن سەرىر.

باشى ئۇزرە ئولتۇردى گىريان بولۇپ،
ئانىڭ ھالىغا كۆڭلى ۋەيران بولۇپ.

ئىتائەت يولىدا نۇزۇل ئەيلەدىم،
نېكىم ھۆكىم قىلدىڭ قەبۇل ئەيلەدىم.

ئالىپ قويدى ئۆز قوينىغا باشىنى،
ئۇزارىغا ھەريان تۆكۈپ ياشىنى.

ئىكى سارىدىن قول ئاچىپ ئىككى شاھ،
قىران ئەيلەپ ئانداقكى خۇرشىدۇ ماھ.

ياقا يىرتىبان، تاجىنى تاشلابان،
دېدى زار يىغلاي بۇ سۆز باشلابان.

چۇ بىر ــ بىلەرىگە ياۋۇشتى ئىكەۋ،
ئاتاۋۇ ئوغۇلدەك قۇچۇشتى ئىكەۋ.

فەلەك كۆرمەيىن ئاشكارۇ نىھان،
مۇنىڭدەك قەرىن ئولماق ئىككى جاھان.

تۇتۇپ بىر قولى بىرلە خاقان قولىن،
ئاڭا كۆرگۈزۈپ تەختى شاھىن يولى.

بۇ ئارقىلىق نەۋائىي ئەسىرىدىكى ئىسكەندەر ئاجايىپ ئىنسانپەرۋەر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، لەكمانىڭ لەشكەرلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىققان ئىككى تەرەپ ئاخىرىدا تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئىسكەندەرنىڭ غالىب بولۇپ تۇرۇپمۇ داراغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەر پەزىلىتى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

ئىسكەندەرنىڭ يۈرۈشلىرى قاتارى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ كەشمىر پادىشاھىغا قىلغان يۈرۈشى، ھىندىستان مەملىكىتىگە قىلغان ئىستىلاسى، سەقلاب، سەقىن، باغداد، مىسىر ئەللىرىگە ئەۋەتىلگەن نامەلەر، چىن مەملىكىتىگە قىلغان يۈرۈشلىرىمۇ ئاجايىپ قۇرلار بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ يۈرۈشلىرىدىن بىز ئۇنىڭ ھەربىي ئىستىبداتى، ئەقلىي قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى قاتارلىق تەرەپلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئۇ يەردىكىلەرگە قىلغان ياخشى مۇئامىلىسىنى، خەلقلەرگە كۆرسەتكەن ھەر خىل ئىلتىپاتلىرىنى، يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىنسانىيلىققا تولغان مېھىر - مۇھەببەتلىك قەلبىنى، ئەدلى - ئادالەت ئورنىتىشقا بولغان ئىشتىياقىنى، ئۇنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. نەۋائىينىڭ شۇنچە كۆچەپ بۇ قۇرلارنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىمۇ دەل شۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا پەۋەس كەلگەن ئىنسانىي سۆيگۈگە تويۇنغان گۇمانتار روھنى ئەھلى دەۋرنىڭ پازىللىرىغا يەتكۈزۈشتۇر.

ئىسكەندەرنىڭ ئىستېلا قىلغان ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەرگە قىلغان ئىلتىپاتىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئىسكەندەرنىڭ ئەلنى ئويلايدىغان خەلقپەرۋەرلىكىگە، ئەدلۇ - ئادالىتىگە ئوقۇلغان بۇ تەھسىنلەر تۆۋەندىكى قۇرلار ئارقىلىق ۋايىگە يەتكۈزۈلگەن:

كېلىپ ئاللىمە ئەرز ھال ئەيلەسۇن،
ئۆز ئەھۋالىنى قىلۇقال ئەيلەسۇن.

جەھان مۇلكىگە بەردىڭ ئابادلىغ،
جەھان ئەھلىغە ئەدل ئىلە شادلىغ.

بېرىپ داد مەزلۇم غەمخارەگە،
قىلىپ رەھم مەرمۇمى بىچارەغە.

رەئىيەتقە مەئلۇم ئېتىپ ئېھتىياج،
ئىكى يىل ئۇلاردىن كۆتۈردى خىراج.

ئەدالەت قولىن تۇتتى ئانداق بىيىك،
كى تاپتى ئەمان ئارسلاندىن كىيىك.

شەھىكىم ئەدالەتدۇر ئانىڭ ئىشى،
تەڭ ئەرمەس ئاڭا شاھلاردىن كىشى.

كى مەقسەد تاپار ئەل رىزاسى بىلە،
تۇرار كۆپ خەلايىق دۇئاسى بىرلە.

ئەيان ئەيلەسۇن رىشى دەردۇ غەمىن،
ياقاي داد بەرمەك بىلە مەرھەمىن.

كىشى قانى تۆككەننى بوينىن ئۇرۇپ،
قولىن كەستۇرۇرنى قولىن كەستۇرۇپ.

## «سەددىي ئىسكەندەرىي»دە چىن بايانى

نەۋائىينىڭ قەلىمىدىكى ئىسكەندەر يۈرۈشلىرىدە ئۇنىڭ چىنغا بولغان يۈرۈشى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، نەۋائىي نەزىرىدىكى چىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يۇرت. يۇرت مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن چىندىنلا ئىبارەت، نەۋائىي چىن ئارقىلىق يۇرتىنى تەرىپلەشتىن ئىبارەت يەنە بىر يۈكسەك سۆيگۈسىنى ئىپادە قىلىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ چىن ھەققىدىكى يۇرۇشنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىدۇر.

ئىسكەندەر ھىندىستان ئېلىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇ يەردە بىر مەزگىل پازىللار بىلەن بەزمە ــ سۆھبەت قۇرۇپ قىشنى ئۆتكۈزىدۇ ۋە باھار پەسلى كەلگەندە لەشكەرلەرنى رەتلەپ چىنغا يۇرۇش قىلىدۇ. نەۋايىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ئىسكەندەرنى چىنغا قىلغان يۇرۇشلىرىدە يەنىمۇ نامايان بولىدۇ.

نەۋائىي قەلىمىدىكى چىن ئاتالغۇسى جۇغراپىيەلىك دائىرە جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

كىلاسسىكلار قەلىمىدىكى خوتەن گۈللەنگەن، مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتلىك مەملىكەت دەپ تەرىپلىنىدىغان بولۇپ، « خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن مەملىكىتىنىڭ كۆزىنىكى» دەپ تەسۋىرلىنەتتى. قەدىمكى ئۇدۇن ئېلى قاشتاش، گىلەم، ئەتلەس، ئىپار قاتارلىق بىباھا گۆھەرلىرى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئۇ قوچۇ، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق يۇرتلار قاتارىدا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئەدىب، سەنئەتكارلار نەزىرىدە، خوتەن گۈزەللىكىنىڭ تىمسالى، شائىرلار مەدھىيەسىنىڭ باش ماۋزۇسى ئىدى. «خۇسۇسەن، خوتەن ۋە چىن مۇلكى نەۋائىي نەزمىسىدە ئالاھىدە بىر مېھىر ــ مۇھەببەت، زوق ــ شوق بىلەن كۈيلىنىدۇكى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل پەرى سۈپەت جانانلارنىڭ، ئەھدىگە ۋاپا مەرد ئوغلانلارنىڭ يۇرتى، پەن ــ مەرىپەت، ئىلمۇ ھېكمەت يۈكسەلگەن قۇتلۇق دىيار، ئىدىئال ئۆلكە سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. بۇنى مۇتەپەككۇر ئەدىبنىڭ ‹خەمسە›گە كىرگەن ئېپىك داستانلار تۈركۈمىدىن يارقىن كۆرەلەيدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە». نەققاشى چىن ۋە چىن رەسسامى مانى قاتارلىقلار نەۋائىي قەلىمىدىكى خوتەن تەسۋىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. دېمىسىمۇ «نەۋائىي نەزمىسىدىكى ‹چىن› ھەر دائىم خوتەن بىلەن يانمۇيان تەرىپلىنىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ.» چىن ھەققىدىكى بايانلار نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ جايلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھال «سەددى ئىسكەندەرىي»دىكى چىن ھەققىدىكى بايانلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

نەۋائىي ئىسكەندەر بىلەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى پېرسىيە، كەشمىر، ھىندىستانغا ئوخشاش ئۇرۇش، بويسۇندۇرۇش، ئەل قىلىپ تەختىنى گۇمران قىلىش ھالىتىدە تەسۋىرلىمەستىن بەلكى چىرايلىق بىر شەكىلدە ئەكس ئەتكۈزىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىنغا بولغان مايىللىقىدىن ئۆچۈر بېرىدۇ. داستاندىكى بۇ ئېپىزوت تۆۋەندىكىچە باشلىنىدۇ:

ئەزىمەتنىڭ ئاھەڭگە يىغدى بەزم،
خىتا بىرلە چىن ئەزمىنى قىلدى جەزم.

سىپەھ يىغمىش ئەردى ئەدەددىن فۇزۇن،
ياراغ ئەيلەمىش ئەردى ھەددىن فۇزۇن.

يۈرۈپ يول تەماشا قىلىپ ھەر ھەدى،
كى تا مەسكانى بولدى چىن سەرھەدى.

سالىپ سۇلھىدىن سۆز، يىبەرگەي رەسۇل،
ياراشماق تەرىقىنى قىلغاي قوبۇل.

بىلىپ ئەردى خاقانكىم، ئول تۇندە سەيل،
يۈرۈپ ھىنددىن چىن سارى قىلدى مەيل.

ئۆزىن قىلماغاي ئەجز بىرلە زەبۇن،
چېرىك تارتىپ ئەتكەي مەساف ئازمۇن.

چىن خاقانى ئىسكەندەرنىڭ چىنغا يۈرۈش قىلىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ھېسابسىز قورال ــ ياراغ، ئەسكەر ــ قوشۇن تەييارلايدۇ. بۇ خاقاننىڭ ئۆزىنى خار ــ زەبۇن قىلماسلىقى ئۈچۈن باراۋەر كۈچ تەييارلىغىنى بولۇپ، قوشۇن تەشكىللەشتىن مەقسەت ئۇرۇش ئەمەس ئىدى. بۇ نەۋائىي قەلىمى

ئاستىدىكى غۇرۇرلۇق چىن خاقانىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئەسلى ئۇنىڭ ئۇرۇشقۇسى يوق، ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھە قىلىش ئۈمىدى بار ئىدى. ئەمما، خاقانى چىنىنىڭ يەنە ئۆز ئېلىنىڭ، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاپ قالغۇسى ھەم بار ئىدى. ئۇ ئەۋەتكەن ئەلچى دەسلەپتە ئىسكەندەردىن ئۇ كۈتكەن جاۋابنى ئەكېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئەلچىلىكنى ئۆزى بەجا كەلتۈرۈشنى ئىختىيار قىلىدۇ ـ دە، قارامىلىق بىلەن تەۋەككۈل قىلىپ، ئەلچى سىياقتا ياسىنىپ، ئارغىماق بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا چېپىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىسكەندەرنىڭ مەردلىكىنى ئۇ چۈشىنەتتى، ئۇنى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەقىللىق، مەردانە ھىممەت ئىگىسى دەپ بىلەتتى. ئۇ ئىسكەندەر ھوزۇرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەھۋالنى ئاشقاندىن كېيىن ئىسكەندەر يەنە پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ ئۇنى ئاتا ئورنىدا، ئۆزىنى ئوغۇل ئورنىدا قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. سۆھبەت ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئاياغلىشىدۇ. ئىسكەندەر خاقانىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەل ـ جامائەت ئالدىدا خاقانى چىنغا زور ئېھتىرام كۆرسىتىدۇ.

سكەندەر دېدى: جەمئى قىلغىل كۆڭۇل،
ئىككى دەھر ئارا سەن ئاتا، مەن ئوغۇل.
كى چىن مۈلكىدە ئەردىلەر خان بارى،
قايۇ خانكى، قائانۇ خاقان بارى.

قىلىپ ساڭا فەرزەنددەك پايبۇس،
دەيىنكىم تىرىلدى مەلىك فەيلەقۇس.
بۇلارنىڭ تۇتۇپ پاس نامۇسىنى،
ماڭا سالما بەزمىڭ زەمىن بوسىنى.

كى بۇ مۈلك ئاندىنكى ئېھداس ئېرۇر،
ئاتادىن ئاتا بىزگە مىراس ئېرۇر.
كى خاقانلىغىم شەۋكەتى سىنماسۇن،
شەھەنشاھلىغىم سەۋلەتى سىنماسۇن.

بۇ مىسرالار نەۋائىينىڭ چىن ئەھلىنىڭ يۈزىنى ئۇستىلىق بىلەن ئايىغان قۇرلىرى بولۇپ، ئۇ چىننى ئىسكەندەر ئالدىدا دارادەك ۋەيران قىلمىدى، ھىندىستان شاھلىرىدەك تەسلىم قىلمىدى، بەلكى چىنلىقلارنى ئۆزىگە لايىق بىر رەۋىشتە، ئۇلارنىڭ نومۇس تۇيغۇسىغا جىپسىلاشقان بىر ھالدا قەلەمگە ئالدى. بۇ قۇرلار شۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈلگەنىدى.

سۈلھى بويىچە ئىسكەندەر بىلەن خاقان ناھايىتى ھۆرمەت ـ تەۋەززۇ ئىلكىدە كۆرۈشىدۇ. بۇ ئىش نەۋائىي قەلىمىدە تولىمۇ تەسىرلىك قىلىپ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

تاناب ئۈچىغە چۇن [ئالار] قويدى گام،
ئاق ئۈيدىن سىكەندەر ھەم ئەتتى خىرام.
فەلەك كۆرمەيىن ئاشكارۇ نىھان،
بۇنىڭدەك قىرىن ئولماق ئىككى جاھان.

ئىككى ساردىن قول ئاچىپ ئىككى شاھ،
قىران ئەيلەپ ئانداقكى خورشىدۇ ماھ.
قۇچۇشقاچ ئىككى شاھى فىروزبەخت،
سكەندەر يانىپ ئەيلەدى ئەزمى تەخت.

چۇ بىر ـ بىرلەرىگە ياۋۇشتى ئىكەۋ،
ئاتاۋۇ ئوغۇلدەك قۇچۇشتى ئىكەۋ.
تۇتۇپ بىر قولى بىرلە خاقان قولىن،
ئاڭا كۆرگۈزۈپ تەختى شاھى يولىن.

ئىككى شاھ ئەل ئالدىدا بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ ھەمسۆھبەت بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئىسكەندەر غالىب ئورۇندىكى پەزىلەت ئىگىسى دەپ سۈپەتلەنگەن بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ شۇنچە غالىب تۇرۇپمۇ، خاقان بىلەن ئېھتىرام ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشقانلىقىنى

يېزىش ئارقىلىق ھەم چىن خاقانىنىڭ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ، ھەم ئىسكەندەرنىڭ كەڭ قورساق، ئېسىل، مەرد پەزىلىتىنى يەنە بىر بالداق يۇكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. بۇ نەۋائىينىڭ ئۇتوپىيە تىمسالىدىكى ئىسكەندەر بىلەن ئۇ ئۆزى سۆيگەن، ئىنتىلگەن چىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قەلەم بالاغىتى بىلەن ھەل قىلغانلىقىدەك بەدىئىي دىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

چىن خاقانى ئىسكەندەرنىڭ ھۆرمىتىگە زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى ئالاھىدە سوۋغا ھەدىيە قىلىدۇ. يەنى ئايىنەئى چىن دەپ ئاتالغان، ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالىرى سىرىنى ئاچالمىغان تىلسىملىق ئەينەك، يەنە بىرسى بولسا گۈزەللىكتە يەكتا، زىبالىقتا تەڭداشسىز، جانبازلىقتا ھەقدادىغا يەتكەن، لۆئبەتى چىن ـــ خوتەن قىزى مەھرۇ ئىدى. بۇ جانان ئىسكەندەر چىندىن چىقىپ مەغرىب تامان يۈرۈشىدە ئۇ ئۇچراتقان ئىتقا ئوخشايدىغان غەلىتە چۈمۈلىلەر ۋادىسىدىكى كۆزلىرى كۆك، ساقاللىرى ساپسېرىق، ماڭلىيىدىن ئۆسۈپ چىققان تاق مۈڭگۈزى بار ۋەھشىي مەخلۇقاتلار بىلەن بولغان مۇبارىزىدە يەم بىلەن ۋەھشىي مەخلۇقنى يېگىپ ئىسكەندەر قوشۇنىنى غەمدىن خالاس قىلغان جوۋان شۇ ئىدى. نەۋائىينىڭ چىن خاقانىنىڭ ئىسكەندەرگە بەرگەن زىياپەتتىكى پاراۋان، پاراغەت تەسۋىرلىرىنىڭ بېھىساب گۈزەللىكىدىن ئۇنىڭ چىنغا بولغان مۇھەببەت، ئىشتىياقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسكەندەر چىن مەملىكىتىدە ئىككى گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، نەۋائىينىڭ ئىدېئال غايىسىنىڭ تىمسالى بولغان ئىسكەندەر چىنغا كۆيئوغۇل بولغان. بۇمۇ نەۋائىينىڭ چىنغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرسىدۇر. نەۋائىي ئىسكەندەرنىڭ چىن ھەققىدىكى بايانلىرىغا كۆپ سەھىپە ئاجراتقان بولۇپ، بۇ ھەقتە ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئۇزۇن توختىلىدۇ. بۇمۇ نەۋائىينىڭ چىنغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر ۋە «سەددى ئىسكەندەرىي»نىڭ ياسىلىشى

نەۋائىي ئىسكەندەرنىڭ چىن مەملىكىتىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئارقىلىق «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىنىڭ ئۈچ نۇقتىسىغا يۈزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقتىكى بايانلار نەۋائىينىڭ بۇ داستاندا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزىي ئىدىيەسىنىڭ جېنى بولۇپ، ئىلگىرىكى مەزمۇنلار ئىسكەندەرنىڭ مۇشۇ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان يانداشما ئېپىزوتلاردىن ئىبارەتتۇر. نەۋائىي ئېيتىدىكى يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر مەغرىب زېمىنىغا يېقىن قىرۋان ناھىيەسىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، ئۇ رۇس، پەرەڭ دىيارلىرىدىنمۇ ئۆتۈپ يېتىپ بارغىلى بولىدىغان ئاپەتلىك بىر ماكاندۇر. نەۋائىي بۇ يەردە يەجۇجى ـ مەجۇجىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا تولىمۇ كۈچىگەن بولۇپ، بۇلار سۈپەتلەنگەن قۇرلاردىن نەۋائىينىڭ نەزىرىدىكى يەجۇجى ـ مەجۇجىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان بارلىق سەلبىي تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى يەجۇجى ـ مەجۇجىلەرگە تەئەللۇق بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن نەۋائىينىڭ غەزەپ ـ نەپرەت قارىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قارايدىغان بولساق نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى يەجۇجى ـ مەجۇجىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جەۋرۇ ـ جاپالىرى مۇنداق سۈپەتلىنىدۇ:

ئېرۇر تاغۇ ـ زۇلمەت ئارا ۋادىئى، نې زۇلمەت جەھەننەم، نې ۋادى سەقەر،
كى يول ئىلتىمەس ئول تەرەف ھادىئى. كى يەئجۇج خەيلىغە بولدى مەقەر.

نى يەئجۇجكىم، يۈز تۈمەن مىڭ بەلا،
بىز ئول يۈز تۈمەن بەلادىن جەلا.

بىئەينىھ كۆز ئانداقكى مايمۇن كۆزى،
ۋەلې شۇم ھەرقايىسى مەلئۇن كۆزى.

تەئەددۇ ئارا يوق تورۇر سانلارى،
يانا سانسىز ئايىنى نۇقسانلارى.

بۇرۇن ئىچلەرىن تىل بىلە پاك ئېتىپ،
تاپىپ لەززەت، ئۆزنى تەرەبناك ئېتىب.

قەد ئۈزرە يايىلمىش پەراكەندە ساچ،
بىرى بىر قارىشدۇر، بىرى ئۈچ غۇلاچ.

ئاغىزدىن توڭۇزدەك چىقىپ ئىككى تىش،
ۋەلې يەرنى قازماق ئۇلار بىرلە ئىش.

دېمە ساچ، خاشاكۇ خەس مەئدەنى،
لىباس ئەيلەپ ئاندىن بارىنىڭ تەنى.

نې يەرنىكى، ئول تىشلەر ئەتتى تەباھ.
قىيامەتغەچە بۇتمەي ئاندىن گىياھ...

قۇلاق ئىككى ياندىن بولۇپ يەرگە جۇفت،
نەجىس تەنلەرىن كۆزدىن ئەيلەپ نۇھۇفت.

تەكەللۇمدا ھەشۇ ئۇلچا ئىمكان كېلىپ،
ئاغىز بارچاسىغە زانەخدان كېلىپ.

كېلىپ غول بارماغى بارماغلارى،
ۋەلې دىۋ تىرناغى تىرناغلارى.

تۆشۈپ ھەربىرىنىڭ ئىكى ئەمچەكى،
ۋەگەر خۇد تىشىسى ۋەگەر ئەركەگى.

يامان يۈزلەرى، رەڭگى بىھەد سارىغ،
قىزىل تۈكلەر ئاندا سەفادىن ئارىغ.

يېمەك بىرلە خۇد مۇتلەقا تويمايىن،
ۋەگەر تويسا ھەم دانەئى قويمايىن.

مانا مۇشۇنداق ۋەھشىي مەخلۇقلارغا دۇچ كەلگەن ئىسكەندەر بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىغا ئارا تۇرۇش ئۈچۈن، يەجۇجى ـ مەجۇجلەرنى ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ. نەتىجىدە ياخشى بىر ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىدۇ. يەجۇجى ـ مەجۇجلەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرىپى تىك ۋە سىلىق بىر تاغ بار بولۇپ، تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قىيالىق جىلغا بار. يەجۇجى ـ مەجۇجلەر يىلدا ئىككى قېتىم ئەنە شۇ تار جىلغىدىن يامراپ چىقىپ ئالدىغا ئۇچرىغاننى ۋەيران قىلىدۇ. بۇلار شۇنداق تائىپەكى، ھەرقايىسى مىڭ ئوغۇل كۆرمىگۈچە ئۆلمەيدۇ. ناۋادا مۇشۇ جىلغا توسۇۋېتىلسە، يەجۇجى ـ مەجۇجلەرنىڭ غەلۋىسى بېسىققان بولاتتى.

ئىسكەندەر خەلقنى زۇلۇمدىن خالاس قىلغۇچى، ئادالەت ئورناتقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن لەشكەرلەرنى باشلاپ، ھەرقايىسى ئەللەردىكى ماھىر ئۇستىلار، تاشچى مىسكەر، تۆمۈرچى، بىناكارلار بىلەن كۆپ جاپالار ئىچىدە، ھەتتا ئۆزى باش بولۇپ تاش قېزىپ، دانىشمەنلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەڭ ياخشى سائەتتە جىلغىنىڭ ئەڭ تار يېرىگە سېپىلنىڭ ئۇلىنى ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەردى. ئۇستىلار ھەپتجۇشلارنى ئېرىتمە قىلىپ سېپىل قاتلىرىغا تۆكۈش ئارقىلىق ئالتە ئاي جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە شۇنچىلىك مۇستەھكەم بولغان سېپىلنى قۇرۇپ چىقتى. نەۋائىي بۇ سېپىلنى ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

چۇ تۇلىغا ئۇن مىڭ قارى ئەردى ئەرز، نەچە مىڭ بۇ ئىش ئۇزرە ئۇستاد ئىدى،
بىناسىغا بەش يۈز قارى بولدى ئەرز. كى سەنئەتدە بانىيۇ ھەدداد ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ ئالەمى بۇيلە سەنئەت ناماي، كى نەچە مىڭ ئۇستادۇ سەنئەتگەرىي،
كىچە - كۈندۈز ئىش قىلدىلار ئالتى ئاي. تەمام ئەتتىلەر سەددىي ئىسكەندەرىي.

سېپىل پۈتتى. سېپىل پۈتكەن ۋاقتى دەل يەجۈجى - مەجۈجلەرنىڭ يىلدا ئىككى قېتىم چىقىدىغان ئادىتىنىڭ بىر قېتىملىقىغا توغرا كەلدى. ئەمما، ئۇلار ھەيۋەتلىك سېپىلنى كۆرۈپ چىشلىرىدا جەھلى بىلەن غاجاپ، تىرناقلىرىدا تاتىلاپ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ سېپىلنى تېشىشكە قادىر بولالمىدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ ئالدىن تەييارلاپ دۆۋىلەپ قويغان تاشلارنى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ياغدۇردى. بۇنىڭدىن ئۇچەي باغرى چۇۋۇلغان يەجۈجى - مەجۈجلەرنىڭ پەرياد - پىغانلىرى پەلەككە يەتتى. بۇلاردىن ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قاچقانلىرى قېچىپ ئۆزلىرى سالغان زۇلۇمنىڭ جازاسىنى تارتتى. ئۇلار بىرقانچە قېتىم سېپىلغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەدىپىنى يەپ، ئاخىر سېپىلنى تېشىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بۇ تەرەپكە قاراشنىمۇ خىيال قىلمايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر لەشكەرلەرگە ۋەتەنگە قايتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى... بۇ يەردىن كېيىن داستاندا يەنە ئاساسىي تېمىدىن يانداپ ئۆتۈپ بەزى بايانلار داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ يەردىكى تەھلىلىمىز ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەر سالدۇرغان، مۇبارەك سەھىپىلەردە زىكىر قىلىنغان سېپىل ھەققىدە بولغاچقا، كېيىنكى بايانلارنى نۆۋەتتىكى تەھلىلىمىزنىڭ سىرتىغا قويغاچ تۇرىمىز. مادامىكى قۇۋۋەتلەر يار بېرىپ سەددىي ئىسكەندەرنىڭ پەلسەپىۋى قاتلاملىرى ئۈستىدە مۇتائىلە قىلغىنىمىزدا، بۇ ھەقتە كۆشادە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلارمىز.

## خۇلاسە

ساماۋى ئۇچۇرلاردىن مەنبەلەنگەن بۇ رىۋايەت ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تولىمۇ كەڭ تارقالغان بىر قىسسەدۇر. يەجۈجى - مەجۈجى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەردە مەۋجۇت بولۇپ، شەرق ئەللىرىدە بىرقەدەر كۈچلۈكرەك ئاساسقا ئىگە. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، يەجۈجى - مەجۈجلەرنىڭ سانى شۇنچىلىك كۆپ، ھېسابى يوق، ئۇلار نەپسىنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھەر يىلى ئاسماندىن ئۇلارغا بىرنەرسە ياغسا ئاياللىرى شۇنى يەپ ھامىلىدار بولىدىغان ئىنسانىيلىقتىن يىراق بىر مەخلۇقلار بولۇپ، بەزىلىرى ئۇن غۇلاچ، بەزىلىرى بىر غۇلاچ كېلىدىغان، سارغۇچ چاچلىرى پۈتۈن بەدەنلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان، قۇلاقلىرى يەرنى سۆپۈرۈپ ماڭىدىغان، ئەركەك، چىشى بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئەمچەكلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، جاۋغىيىدىن يوغان ئىككى چىش ئۆسۈپ چىققان، يۈزلىرى يىرگىنىچلىك، سېرىق يۈزىدىكى تۈكلىرى خۇنۇك قىزىل رەڭدە، كۆزلىرى مايمۇننىڭكىدەك بۇ مەخلۇقلار شۇ قەدەر بەدقىلىق ئىكەنكى، بۇرۇنلىرىنىڭ ئىچىنى تىلى بىلەن يالاپ، شۇنىڭدىن لەززەت تاپىدىغان، ئاغزى ئېڭىكىنىڭ ئۇچىدا بولۇپ، سۆزلىسە پۈتۈنلەي بېزەپ، پاسكىنا سۆزلەرنى قىلىدىغان بۇ مەخلۇقلار نەۋائىي سۈپەتلىگەن يەجۈجى - مەجۈجلاردۇر. نەۋائىينىڭ بۇلار ھەققىدىكى بايانىي سۈپەتلىرى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ ھەقتىكى رىۋايەت - قىسسەلەردىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى تېخىمۇ كەڭرەك مەلۇماتلار بىلەن خەۋەردار قىلىشنى ئىختىيار قىلغىنىمىزدا، ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن تۆۋەندىكى بايانلارنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆرىمىز:

يەجۈجى - مەجۈجلەر ھەر كېچىسى ئىسكەندەر ياسىغان سېپىلنى تېشىشكە باشلايدىكەن. تېشىپ بولۇشقا ئاز قالغاندا تاڭ ئاتىدىكەن - دە، ئۇلار قۇياشنىڭ نۇرىدىن قورقۇپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن

سېپىل يەنە بۇرۇنقىدەك ھالەتكە قايتىدىكەن. يەجۇجى - مەجۇجى تەسۋىرلىرى ئەمەلىيەتتە ئىسكەندەر دۇچ كەلگەن ئەڭ قاتتىق ۋەزىپىنىڭ قىيىنلىق كۆرسەتكۈچى بولۇپ، بۇلارنى قانچە سەت، ۋەھشىي تەسۋىرلىگەنسېرى، ئىسكەندەر سالدۇرغان سېپىلنىڭ قىممىتى شۇنچە ئاشاتتى، ئىسكەندەرنىڭ بۈيۈكلىكى رولى، ئادالەت بابىدىكى ئورنىمۇ شۇنچە گەۋدىلىك بولاتتى. نەۋائىي تىپ يارىتىشتا، ئۆزى ئىنتىلگەن ئوبرازنى ئەڭ ئۇتۇقلۇق تەرىپلەپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلىشىدە، ئىسكەندەرنى تاللاپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۇچۇن يەجۇجى - مەجۇجىلەرنى ۋاستە قىلغان ۋە بۇ ۋاستىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن.

خۇلاسىمىزنىڭ تۇگەنچى شۇكى، نەۋائىينىڭ ئاخىرىدا تۈگەللىگەن خۇلاسىسى زۇلۇم سالغانلار ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. شەرق دۇنياسىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان زۇلۇم - ستەم يوق، باراۋەر، تىنچ ئىناق بىر كارتىنا نەۋائىي بىزگە سىزىپ بەرمەكچى بولغان جەمئىيەتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، نەۋائىي شۇنچە ئۇزۇن داستان ئارقىلىق زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ جازاسىنى تارتىدىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ خۇلاسىنى چىقىرىشقا ئىسكەندەر سېپىلىنى ۋاستە قىلىپ تاللىغان بولۇپ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئىسكەندەر سېپىلىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ شۇنداق زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئالالىغانلىقىدا. نەۋائىينىڭ ئۇتۇقى بولسا، ئۆزىنىڭ ئادالەتنى، تىنچ - ئامانلىقنى تەرغىب قىلغان بۇ خۇلاسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە سۇنۇش ئۇچۇن ساماۋى مەنبەلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۇنى سۆزىتلاشتۇرۇپ، داستان شەكلىگە كەلتۈرۈپ، «خەمسە»نىڭ گۈلتاجىغا ئايلاندۇرغانلىقىدۇر.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


1. ئەلىشىر نەۋائىي: «سەددىي ئىسكەندەر»، قوربان بارات نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى؛

2. ئىمىنجان ئەھمىدى، غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى؛

3. لى تيەن گو: «قەدىمكى گىرېتسىيە تارىخى»، 525 - بەت، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1991 - يىلى 4 - ئاي نەشرى؛

4. تەبەرى: «تارىخى تەبەرىي» 196 - بەت، ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى، 1996 - يىلى نەشرى؛

5. يانۇش خارمارتا باش بولۇپ تۈزگەن، شۇ ۋېن كەن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»، ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى بىلەن جۇڭگو چەت ئەل تەرجىمە نەشرىيات شىركىتى بىرلىشىپ نەشر قىلغان، خەنزۇچە نەشرى، 2002 - يىلى نۇسخىسى؛

6. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 3 - ئاي نەشرى؛

7. بو سۇنىمىڭ «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1993 - يىلى 8 - ئاي 2 - نەشرى؛

8. سەييىد مەھدى ھەمدانىي: «ئىسكەندەرنامە» 1 - توم، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 - يىلى 12 - ئاي نەشرى؛

9. مەسئۇدىي: « ئالتۇن يايلاق »، گېلى شېلى تەرجىمىسى، جۇڭخۇا خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى؛
10. مەھمۇد كاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى؛
11. زايىت ئاخۇن پازىلباي: «ئىسكەندەرنامە»، ئابلىمىت ئەھەت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى؛
12. ئىمىن تۇرسۇن: « نەۋائىي ھەققىدە »، 120 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى؛

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزى، مىللەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى)

# پۇل ۋە بايلىق توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ھەلىمىگۈل ئابلىز، ئەزھەر ئەكبەر

1. ئاتاڭغىمۇ پۇل كېرەك،
ئاناڭغىمۇ پۇل كېرەك.
2. ئاتام تاپقان ـــ بىكار پۇل،
ئۆزۈم تاپقان ـــ شېكەر پۇل.
3. ئات بار يەردە ئېشەككە يول بولسۇن،
دوست بار يەردە ھېسابتا پۇل بولسۇن.
4. ئاچلىق نېمىنى يېگۈزمەس،
بايلىق نېمىنى دېگۈزمەس.
5. ئادەم بولمەن دېسەڭ، پۇلنى دوست تۇتما.
6. ئادەم ئۆلدى، دۇنيا قالدى.
7. ئارتۇق خەزىنە ئەرگە دۈشمەن.
8. ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماس.
9. ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.
10. ئاش يېمىگەن يەردە تۇرار،
پۇل خەجلىمىگەن ئەردە تۇرار.
11. ئاغرىق باشقا ئاقچا دورا بولماس.
12. ئاق پۇل قارا كۈندە ئەسقاتار.
13. ئاق تەڭگەم قارا كۈنۈمگە ئەسقاتار.
14. ئالتۇن بار يەردە جان دەردى.
15. ئالتۇندىن كۆز يېشى تۆكۈلەر.
16. ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن ئازار.
17. ئالتۇنى كۆپنىڭ غېمى كۆپ.
18. ئامبالنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال.
19. ئەجىرسىز بايلىق يوق،
پۇلسىز باي (يوق).
20. ئەر پۇلدىن يۈز تېپىپتۇ،
ئايال داستىخاندىن يۈز تېپىپتۇ.
21. ئەرنىڭ پۇلى يەردە.
22. ئەقلى بارنىڭ پۇلى بار،
پۇل تېپىشقا يولى بار.
23. ئەقلى بارنىڭ يولى بار،
يانچۇقىدا پۇلى بار.
24. ئەقىللىك سودىگەرنىڭ پۇلى بازاردا.
25. ئەل ھۆكمى لىللا،
پۇلنىڭ پۇلى تىللا.
26. ئەمەل دېمەك، پۇل دېمەك،
پۇل دېگەن كۈچ دېمەك.
27. ئەملى چوڭنىڭ دەردى كۆپ،
پۇلى كۆپنىڭ غېمى (كۆپ).
28. بارنىڭ بازىرى يېنىدا.
29. بازاردا بارى بار،
پۇل بەرمىسە بەرمەيدۇ.
30. بازارنىڭ ئەيىبى يانچۇقتا.
31. باغقا بۇغداي تېرىسا بۇدۇشقاق بولۇر،
ئۆيدە خەج بولمىسا خوتۇن ئۇرۇشقاق بولۇر.
32. بانكىدا قويساڭ توققۇز تەڭگەڭ ئوتتۇز بولار،
ياندا قويساڭ ئوتتۇز تەڭگەڭ توققۇز بولار.
33. باي بولسا تارتىدۇ،
نامرات بولسا قاچىدۇ.
34. بايتال بولمىسا تاي بولماس،
تېجىمىگەن باي بولماس.
35. بايلار ئاقچىسى بىلەن،
قانۇن ساقچىسى بىلەن.

36. بايلىق ئادەمنى مەست قىلار.
37. بايلىق پەرىشتىنىمۇ يولدىن چىقىرار.
38. بايلىق تېجەشتىن،
نامراتلىق چېچىشتىن.
39. بايلىق دوست ئەمەس،
دوستنىڭ ئۆزى بايلىق.
40. بايلىق قاچقان كىشىنى قوغلايدۇ،
قوغلىغان كىشىدىن قاچىدۇ.
41. بايلىققا مەست بولمىغان كۈلپەتتە خار بولماس.
42. بايلىق كىشىنى مەست قىلار.
43. بايلىق مىراس ئەمەس،
يوقسۇزلۇق ئۇيات ئەمەس.
44. بايلىق نەس، يوقلۇق تەس.
45. بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك، ئانىسى يەر.
46. بايلىقنىڭ ئانىسى ئەقىل.
47. بايلىق يۇرتنىڭ ئوزۇقى،
باتۇر يۇرتنىڭ قوزۇقى.
48. باينىڭ پۇلى ئوچاقنىڭ كۈلى.
49. بەش پۇلۇڭنىڭ بارىدا دوستىمۇ دوست،
دۈشمەنمۇ دوست،
بەش پۇلۇڭدىن ئايرىلساڭ، جان قېرىنداش
جانغا دوست.
50. بەش پۇلۇمنىڭ بارىدا هوشۇر بېگىم دېدىڭىز،
بەش پۇلۇمنىڭ يوقىدا هوشۇر چوقۇر دېدىڭىز.
51. بەگ بولسا پۇلدىن قىسىلماس،
بىلىم بولسا سۆزدىن (قىسىلماس).
52. بولسا قوللايدۇ،
بولمىسا خورلايدۇ.
53. بولغانچە بولغۇسى كەپتۇ.
54. بولغانسېرى بولغۇسى كېلەر،
تولغانسېرى تولغۇسى كېلەر.
55. بۇلبۇل گۈل بار يەردە،
هۆرمەت پۇل بار يەردە.
56. بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا،
سودىگەر پۇل ئىشقىدا.
57. بېخىلنىڭ يۈزى يوق،
پۇلنىڭ كۆزى (يوق).
58. بېيىشنىڭ بېشى توخۇ بېقىشتىن باشلىنىدۇ.
59. بىر پۇلنىڭ ئىككى دەردى بار.
60. بىر سەر ئالتۇن قوشۇلسا،
بىر سەر ئەقىل قوشۇلار.
61. بىرنى بەرسەڭ بىرنى بېرىدۇ،
پۇلنى بەرسەڭ ناننى بېرىدۇ.
62. بىكاردىن پۇل بەرسە ساناپ ئال.
63. بىكار يۈرمەڭ لاغايلاپ،
پۇلنى خەجلەڭ ئاۋايلاپ.
64. بىلىملىكنىڭ پۇلى تۈگىمەس،
بىلىمسىزنىڭ غېمى (تۈگىمەس).
65. پالتاڭ بولسا ئوتۇن بار،
پۇلۇڭ بولسا خوتۇن بار.
66. پولۇ ياغ بىلەن ئوخشار،
دەۋا پۇل بىلەن (ئوخشار).
67. پۇل ئالدىدا ئېزىقما،
مەنسەپ دېسە قىزىقما.
68. پۇل ئەقىل ئۆگىتەر،
تون مېڭىشنى تۈزىتەر.
69. پۇل بار چاغدا بىر تۆگە مىڭ پۇلغا ئەرزان،
پۇل يوق چاغدا بىر تۆگە بىر پۇلغا قىممەت.
70. پۇل بار چاغدا مىڭ دوست،
پۇل يوق چاغدا قېنى دوست.
71. پۇل بار چاغدا ئون سەرگە ئەرزان،
پۇل يوق چاغدا بىر سەرگە قىممەت.
72. پۇل بايغا ئاقار،
سۇ سايغا (ئاقار).
73. پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا،
پۇل بولمىسا بازاردا تۇۋا.
74. پۇل بولسا جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالغىلى بولۇر.
75. پۇل پۇلنى تاپار.
76. پۇل پۇلى جىقلارغا تاتلىق.
77. پۇل ــ پىششىق نان.
78. پۇل تاپقان ئەقىل تاپىدۇ.
79. پۇل تاپقۇچە هېساب تاپ،

ھېساباتتىن ئىلگىرى ئىنساب تاپ.

80. پۇل تاپقۇچە يول تاپ.

81. پۇل تېپىپ قەشقەردە خەجلەڭ،
نان تېپىپ جانبازدا يەڭ.

82. پۇل تېپىشتا نومۇس كەتمەيدۇ.

83. پۇل تېپىۋالساڭ سانىۋال.

84. پۇل تىلىسەڭ، ئەمگەك قىل.

85. پۇل ئەجەلگە ئارا تۇرماس.

86. پۇل جانغا ئارا تۇرماس.

87. پۇل دۈشمەننى دوست قىلار، دوستنى دۈشمەن قىلار.

88. پۇل دېگەن پىششىق تاماق.

89. پۇل دېگەن جانغا زىخ.

90. پۇل دېگەن قەغەز،
ئۆچكە غازاڭغا تېگىشمەس.

91. پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى.

92. پۇل ساقلىغۇچە زەر ساقلا.

93. پۇل سۆزلىگەن يەردە باشقا نېمە سۆزلىيەلمەس.

94. پۇلسىز ئەر خوتۇنغا جىن كۆرۈنەر.

95. پۇلسىز بازارغا بارماڭ،
جورىسىز مەشرەپكە بارماڭ.

96. پۇلسىز چىرىكلىك يوق،
ھەرىكەتسىز تىرىكلىك يوق.

97. پۇلسىزنى بازار تونۇماس.

98. پۇلسىز يىگىت ئەمەن پۇرار.

99. پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن،
پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن.

100. — پۇل نەگە بارىسەن؟
— تۇغقاننى يات قىلغىلى.

101. پۇلنى پۇل قىلغانمۇ سودا،
بىرنى ئون قىلغانمۇ سودا.

102. پۇلنى پۇل ئۆزى تاپىدۇ.

103. پۇلنى خەجلىمەك ئاسان، يىغماق تەس.

104. پۇلنى دوست تۇتقۇچە، دوستنى ئۆز تۇت.

105. پۇلنى دوست تۇتماڭ، بوشمۇ تۇتماڭ.

106. پۇلنى كۆرسە شەيتانمۇ ئۇسسۇلغا چۈشەر.

107. پۇلنى كۆرسە قارىغۇنىڭمۇ كۆزى ئېچىلار.

108. پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە.

109. پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى بىلۇر،
قاننىڭ قەدرىنى سالجا (بىلۇر).

110. پۇلنىڭ كۆزى يوق.

111. پۇلنى يىغار مېنىڭ ئاتام،
سىرقىرايدۇ مېنىڭ يوتام.

112. پۇلۇڭ بولسا بازارچىسەن،
پۇلۇڭ بولمىسا مازارچىسەن.

113. پۇلۇڭ بولسا مىڭى دوست،
پۇلۇڭ بولمىسا نەدە دوست.

114. پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

115. پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، يولۇڭغا ئىشەن.

116. پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

117. پۇلۇڭ يوق بازارغا بارما،
مەشۇقۇڭ يوق مەشرەپكە بارما.

118. پۇلۇم بولسا قوللايدۇ،
پۇلۇم بولمىسا قوغلايدۇ.

119. پۇل ئۆچكىنى توقماققا ئۆگىتىدۇ.

120. پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز.

121. پۇلى بار ئادەمدىن تاغمۇ قورقىدۇ.

122. پۇلى بار ئالىم كىشى،
پۇلى يوق زالىم كىشى.

123. پۇلى بار چاغدا ئەسسالام،
پۇلى يوق چاغدا ۋەسسالام.

124. پۇلى بار چاغدا قەلەمقاش يىگىت،
پۇلى يوق چاغدا ئوھۇش يىگىت.

125. پۇلى بار چاغدا ھاجاخۇن،
پۇلى يوق چاغدا ھاجى كۆتەك.

126. پۇلى بار چاغدا ھاجى ئاخۇن،
پۇلى يوق چاغدا ھاجى گاما.

127. پۇلى باردا يېقىن ئاغىنە،
پۇلى يوقتا نېرى ماڭغىنە.

128. پۇلى بار زالىم كىشى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۇلى يوق ئالىم كىشى.
129. پۇلى بارغا ئەقىل،
پۇلى يوققا جاھىل.
130. پۇلى بارغا بازار،
پۇلى يوققا جازا.
131. پۇلى بار كاۋاپ يەيدۇ،
پۇلى يوق كاۋاپ تۈتۈنى.
132. پۇلى بار كۈندە كۆرۈشەر،
پۇلى يوق كۈندە ئۇرۇشار.
133. پۇلى بارنىڭ ئەقلى بار.
134. پۇلى بارنىڭ ئۆزى ئوينار،
پۇلى يوقنىڭ كۆزى ئوينار.
135. پۇلى بارنىڭ يولى بار.
136. پۇلى بار بازارغا ماڭار،
تۇغماس خوتۇن مازارغا ماڭار.
137. پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ،
پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ.
138. پۇلى بارنىڭ يولى بار.
139. پۇلى بار، ئۆلى بار، يولى بار.
140. پۇلى بولسا قوللايدۇ،
پۇلى بولمىسا قوغلايدۇ.
141. پۇلى بولسا ئوغرىمۇ غوجام،
پۇلى بولمىسا غوجاممۇ ئوغرى.
142. پۇلى كۆپنىڭ يولى كۆپ.
143. پۇلى يوق ئاشىق تەييارغا مەشۇق.
144. پۇلى يوق باي بولماس،
يورۇقى يوق ئاي بولماس.
145. پۇلى يوق كىشىنى بازار تونۇماس.
146. پۇلى يوق يىگىت ئەمەن پۇراپتۇ.
147. پۇل ياندا ياخشى،
خوتۇن ئۆيدە (ياخشى).
148. پۇل يىغىشتا مەدىكاردىن قەلەندەر ياخشى.
149. تاش ئالتۇننى سىنىسا،
ئالتۇن ئادەمنى سىنار.
150. تاماكا چەككەننىڭ پۇلى كۆيىدۇ.
151. تام سالاي دېسەڭ خىش تاپ،
پۇل تاپاي دېسەڭ ئىش تاپ.
152. تۇزى يوق تائامنىڭ لەززىتى يوق،
پۇلى يوق ئادەمنىڭ ئىززىتى يوق.
153. تۇغقان بىلەن تۇغقان بولاي دېسەڭ ئوتتۇرىدا
پۇل قوي.
154. تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ،
ھۈنەر قىلساڭ تۈگىمەس پۇلۇڭ.
155. تېمىپ تۇرسا كۆل بولۇر،
تېرىپ تۇرسا پۇل بولۇر.
156. تىللاغا يېقىن تۇرساڭ چېكى بولسىمۇ يۇقار.
157. تىلىڭ بولمىسا پۇلۇڭ سۆزلەر.
158. جېنىم پۇلۇم، خېنىم پۇلۇم،
ماڭا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇڭ.
159. چۆپسىز مال بولماس،
پۇلسىز تىجارەت (بولماس).
160. خالتىدا تالقان بارىدا يوقتۇر مەندەك مەرد
كىشى،
خالتىدا تالقان تۈگەپتى يوقتۇر مەندەك سەت
كىشى.
161. خەجلەيدىغان مىڭ پۇل بار،
خەجلىمەيدىغان بىر پۇل بار.
162. خەزىنە غايىبتىن ئەمەس، مېھنەتتىن.
163. خەلق بايلىقى ــ يەر بىلەن سۇ.
164. خۇرجۇندا بىر پۇلنىڭ تاغاردا بىر دەردى بار.
165. دوستىنىڭ ياخشىسى يانچۇق.
166. دۇنياپەرەس ئادەم پۇلنىڭ قۇلى.
167. دۇنيا پۇلدا چۆرگۈلەيدۇ،
تۈگمەن سۇدا چۆرگۈلەيدۇ.
168. دۇنياپەرەس ئادەم پۇلغا تويماس.
ھورۇن ئۇيقۇغا (تويماس)
169. دۇنياخور دۇنياغا دۇم چۈشەر.
170. دۇنيا دېگەن قولنىڭ كىرى.
171. رەندە سالماق نان بىلەن،
ئالتۇن تاپماق جان بىلەن.
172. زەرنىڭ دوستى تولا،
زەرگەرنىڭ دۈشمىنى (تولا).

173. سايغا بۇغداي تېرىسا بۇغداي بۇدۇشقاق بولغۇدەك،
يانچۇقتا پۇل بولمىسا، خوتۇن ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.
174. سەن تەر بەرسەڭ، يەر زەر بېرەر.
175. سودا ـ سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس.
176. سودىگەر زەر ساقلار.
177. سودىگەرنىڭ پۇلى ـــ دېھقاننىڭ داڭگىلى.
178. سودىگەرنىڭ تۇغقىنى پۇل، دادىسى قول.
179. سودىگەرنىڭ جېنى پۇل، خوتۇنى تول.
180. سودىنىڭ ئاچقۇچى ـــ پۇل.
181. سۆيگۈ پۇلغا سېتىلماس،
كۆڭۈل پۇلغا سېتىلماس.
182. شاھنىڭ پۇلىمۇ پۇل،
گادايىنىڭ پۇلىمۇ پۇل.
183. شەھەردە سۇمۇ پۇل.
184. قاشتېشى سايدا تولا،
تېپىپ ساتسا پۇل بولار.
185. قاننىڭ قەدرىنى سالجا بىلۇر،
پۇلنىڭ قەدرىنى ئىشچان بىلۇر.
186. قەرزدار بىر كويغا يۈز سالام قىپتۇ.
187. قەرزدارلىق بەك يامان بىر پۇل بولسىمۇ،
مۇساپىرلىق بەك يامان بىر كۈن بولسىمۇ.
188. قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىلىقى مىڭ يىللىق.
189. قولدىكى پۇل ئوق پۇل،
قەرىزداردىكى پۇل يوق پۇل.
190. قولۇڭدا بولمىسا ئاكاڭمۇ يات.
191. قولىدا مېلى بارنىڭ قوۋۇرغىسىدا يېغى بار.
192. قىرسىز يەر ئەسكى،
پۇلسىز ئەر ئەسكى.
193. قىزلارنى چۆرگىلەتكەنمۇ پۇل،
ئوغۇللارنى ئۆمىلەتكەنمۇ پۇل.
194. كان قازغان بايلىق تاپار،
سۇ قازغان يامانلىق تاپار.
195. كەمبەغەلنى باي قىلغان پۇل ئەمەس، ئەقىل.
196. كۆڭلۈمنى تاپ، پۇلۇمنى يە.
197. كۈچۈڭنىڭ باردا پۇل تاپ،
چىشىڭنىڭ باردا گۆش يە.
198. كىشىدىكى پۇل ـــ چۈشىدىكى پۇل.
199. كىشىنىڭ پۇلىدا بولماڭ باي،
سۆڭگىچىڭىز بولار لاي.
200. گاچىنى سۆزلەتكەن ئۇنىڭ پۇلى.
201. لالىمۇ گۈل بولىدۇ،
ساتسا پۇل بولىدۇ.
202. لوپىنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلىنى ئال.
203. مال تاپقاننىڭ تىلى ئۇزۇن.
204. مال ـ دۇنيا باقىي ئەمەس.
205. مال ـ دۇنيا بولسا شەيتاننىمۇ ئىشقا سالغىلى بولىدۇ.
206. مال ـ دۇنيا تۈگىگۈچە يېتەر،
بىلىم ئۆلگۈچە يېتەر.
207. مال ـ دۇنياڭ باردا مىڭى دوست،
مال ـ دۇنياڭ تۈگىگەندە قېنى دوست.
208. مال ـ مۈلۈك ـــ بويۇنتۇرۇق.
209. مال ئوت ئىزدەپ تارايدۇ،
ئادەم دۇنيا ئىزدەپ تارايدۇ.
210. مەن بارمىغان بازار ئەمەس،
پۇل بەرمىگۈچە گۆش بەرمەس.
211. مەن بارمىغان يەكەن ئەمەس،
پۇل بەرمىسەم، بەرگەن ئەمەس.
212. مەنسەپ دېمەك، پۇل دېمەك،
بايلىق دېمەك، كۈچ دېمەك.
213. مەن كۆرمىگەن شە ئەمەس،
پۇل بەرمىسە مە دېمەس.
214. مەنمەنچىلىك كېلەر پۇلدىن،
ئازدۇرار سېنى يولدىن.
215. مەيلىڭ بولسا مەيخانە،
پۇلۇڭ بولسا سەيخانە.
216. مۇھەببەت پۇلغا سېتىلماس،
كۆڭۈل پۇلغا تېپىلماس.
217. مېھنەت قىلىپ تاپقان بىر تەڭگە بىكارغا كەلگەن خەزىنىدىن ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



218. نامرات بولسا تۇغقانمۇ يات بولۇۋالىدۇ،
باي بولسا ياتمۇ تۇغقان بولۇۋالىدۇ.
219. نەشىدە مەست بولغان هوشىغا كېلەر،
پۇلغا مەست بولغان هوشىغا كەلمەس.
220. هاراقتا دوم چۈشسەڭ بەختىڭ قاچار،
پۇلغا دوم چۈشسەڭ ئەقلىڭ قاچار.
221. هارام بايلىق جانغا جاپا.
222. هارام بايلىق جاننىڭ دۈشمىنى.
223. هارام بايلىق قولدا تۇرماس.
224. هارام پۇل جانغا زامىن.
225. هارام پۇلغا باي بولماس،
تۇغۇۋالمىغۇچە بالا بولماس.
226. هارام پۇلنىڭ قەدىرى بولماس،
بىكارچىنىڭ نەپسى تويماس.
227. هارام تېپىپ باي بولغۇچە،
هالال تېپىپ گاداي بول.
228. هارامدىن كەلگەن پۇل زەهەردىن ئاچچىق.
229. هارامغا هېرىس بولما،
هالالنى قولدىن بەرمە.
230. ھەمىياندا پۇل بولمىسا، سۆزىڭدە ئۇن بولماس.
231. ھوقۇقنىڭ كۈچى پۇلنىڭ كۈچىدىن يامان.
232. ھېسابنى بىلمىگەن ھەميانىدىن ئايرىلار.
233. ئوتقا چىدىغان ئوينايدۇ،
پۇلغا چىدىغان چاينايدۇ.
234. ئورمان دېگەن پۇل،
كۆنۈك بولار گۇل.
235. ئورمىنى بارنى پۇل باسار،
ئورمىنى يوقنى قۇم باسار.
236. ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس.
237. ئوغرى بىر پۇل ئۈچۈنمۇ جان بېرىدۇ.
238. ئوقەتچىنىڭ پۇلى تۈگىمەس.
239. ئون پۇلۇمنىڭ بارىدا مۇسا بېگىم دېيتتى مېنى،
ئەمدى پۇلۇم تۈگىدى، مۇسا چاپاق دەيدۇ مېنى.
240. ئۈنى يوقنىڭ خۇنى يوق،
پۇلى يوقنىڭ جېنى يوق.
241. ئۆتمىگەن تىيىندىن چۆنەكنىڭ پېيىزى ياخشى.
242. ئۆلتۈرگەنمۇ پۇل،
كۆلدۈرگەنمۇ پۇل.
243. ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغانمۇ پۇل،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىغانمۇ پۇل.
244. ئۆيدىكى پۇل ئوق پۇل،
قەرز بەرگەن پۇل يوق پۇل.
245. ۋاقىتتىن ئالتۇن كېلەر،
ئالتۇندىن ۋاقىت كەلمەس.
246. ئىش بۇزۇلسا پۇل ئوڭلايدۇ،
تام بۇزۇلسا لاي (ئوڭلايدۇ).
247. ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس،
بەتخەجنىڭ قەرزى (تۈگىمەس).
248. ياكى پۇلى بارغا تەگ،
ياكى يولى بارغا (تەگ).
249. يالغۇز يۈرۈپ پۇل تاپقۇچە چىشلىق تۆكۈلەر.
250. ياماق ياماپ، يارماق تاپ.
251. يان توم بولسا، گەپ چوڭ بولار.
252. يانچۇقتا پۇلۇم، چىمەندە گۈلۈم.
253. يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق.
254. يەرنىڭ ئەسكىسى يوق، قىغى يوق،
ئەرنىڭ ئەسكىسى يوق، پۇلى يوق.
255. يوقلۇق ئۆگىتىدۇ،
بايلىق بەزدۈرىدۇ.
256. يول چاقىقاننىڭ،
پۇل تاپقاننىڭ.
257. يەر خەزىنە، سۇ ئالتۇن.
258. يېنىڭدا تۇرسا پۇلۇڭ توققۇز تۇرار،
ئەلدە قويساڭ پۇلۇڭ ئوتتۇز بولار.
259. يېمىشى بەش پۇل،
چېچىشى ئون پۇل.

(ھەلىمگۈل ئابلىز ــ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم فاكۇلتېتىدا، ئەزھەر ئەكبەر ــ ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى باغچە شىمالىي كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق)

# بىر رىۋايەت، بىر چۆچەك

توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت

## لوقماننىڭ «ھېكىم» بولۇشى
(رىۋايەت)

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى سۇ پادىشاھلىقى بىلەن قورۇقلۇق پادىشاھلىقى جەڭ قىپتۇ. بۇ جەڭ بىرقانچە يىل داۋاملىشىپ ئاخىر قورۇقلۇق پادىشاھلىقى سۇ پادىشاھلىقى ئۈستىدىن غالىب كەپتۇ. جەڭ ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، قورۇقلۇق پادىشاھى بىرمۇنچە ئەمەلدار ھەم مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇۋ - ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر بۇلاق بويىغا كەلگەندە ئۇ يەردە قانغا مىلىنىپ ئىڭراپ ياتقان بىر يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ. يېقىن كېلىپ قارىسا، بۇ سۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئادىمى ئىكەن. دەل شۇ چاغدا ئەمەلدارلاردىن بىرى « خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەلدى» دەپ قاراپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، يىگىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭغا:

— قولۇڭنى يىغ! ئاجىزلارنى ئۆلتۈرۈش مەردلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭ ئاللىقاچان ئاياغلاشتى. بۇ يىگىتنى دەرھال ئېلىپ كېتىپ ئوردىدا داۋالاڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ تاپىلىشى ۋە ئوردا تېۋىپلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى نەتىجىسىدە يىگىتنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ . ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە تالا - تۈزگە چىقىپ ئويان - بۇيان ئايلانغۇدەك بوپتۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوردا ئەھلى شۇنىڭغا ھەيران بوپتۇكى : يىگىت ئوردا سىرتىغا زادى چىقمايدىكەن، شۇنچە كۆڭۈل ئېچىشلار بولۇپ تۇرسىمۇ پەقەت كۈلمەيدىكەن، كۈلۈش تۇگۈل بىرسى گەپ سورىمىغۇچە بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايدىكەن. خىيال سۈرگىنى سۈرگەنىكەن، پادىشاھنىڭ بۇنىڭدىن ئىچى پۇشۇپتۇ ۋە بىر كۈنى ۋەزىرىنى چاقىرتىپ يىگىتنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ سەيلە - تاماشا قىلدۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ۋەزىر يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر رەستىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر گۈزەرگە كەلگەندە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ - دە، شۇ يەرگە بېرىپتۇ، قارىسا بىر رەمبال بىرمۇنچە ئۇششاق تاشلارنى ئۇياندىن - بۇيانغا بۆلۈپ «بېشى توققۇز، ئايىغى سەككىز كەلدى ...» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ زىيانلىرى، كېيىن كۆرىدىغان كۈنلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقانىكەن. يىگىت بۇ ئەھۋالغا قاراپ بىرنى كۈلۈپتۇ - دە، نېرىغا قاراپ مېڭىپتۇ . يىگىتنىڭ كۈلۈشى ۋەزىرگە ھاۋا ئوچۇق كۈنى چاقماق چاققاندەك تۇيۇلسىمۇ، بىر نەرسە دېمەي يىگىتكە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا موزدۇزلارنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقان يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ياش بىر يىگىت موزدۇز ئۇستامغا قاراپ:

— ئۇستام، نېمە ئالسىلا مەيلى، دېگەنلىرىنى بېرىپ تولۇق رازى قىلىمەن. لېكىن، تىكىپ بەرگەن

ئۆتۈكلىرى سۇپەتلىك، چىرايلىق، چىداملىق بولسۇن، ئون بەش يىلدىن ئارتۇق چىدايدىغان بولسۇن! ــ دەۋاتقانىكەن. يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ئېچىنىشلىق بىر كۈلۈپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆپ جايلارنى ئايلانغان بولسىمۇ ئىككى قېتىملىق كۈلكىدىن باشقا قايتا كۈلمەپتۇ، يا گەپ قىلماپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال يىگىتنى چاقىرىپ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سوراپتۇ. يىگىت مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ :

ــ ھېلىقى رەمبال ئۆزى ئولتۇرغان يەردىن ئىككى گەز چوڭقۇرلۇقتا ئاغزى بىلەن لىق تىللا قاچىلانغان ئىككى كۆپ كۆمۈكلۈك تۇرسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمەي تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىنى كۆردۈم دەپ لاپ ئۇرۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئاچچىق كۈلدۈم. يەنە بىر يىگىت موزدۇز ئۇستامغا ئون بەش يىل چىدايدىغان ئۆتۈك بۇيرۇتۇۋاتىدۇ. مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېچىنىپ تۇرۇپ كۈلدۈم .

پادىشاھ يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن تولىمۇ ھەيران بوپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىشنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ . ۋەزىر شۇ كېچىسى بىرقانچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ رەمبال ئولتۇرغان يەرنى كولاتقانىكەن ، راستلا ئىككى كۆپ تىللا چىقىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئۆتۈك بۇيرۇتقۇچىنىڭ مەھەللىسىگە يېقىنلىشىشىغا ئەتراپنى بىر ئالغان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. بېرىپ ئەتراپتىكىلەردىن سۈرۈشتۈرسە راستلا ئۆتۈك بۇيرۇتقان يىگىت ۋاپات بولغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەھلى بۇ يىگىتنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بوپتۇ. توپتوغرا ئالتە ئاي بولدى دېگەندە يىگىت پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

ــ شاھ ئالىيلىرى، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، ئالتە ئايدىن بېرى كەمىنىنى يات كۆرمەي پەرزەنتلىرى ئورنىدا كۆرۈپ كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدىلا، ھالا بۇگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە شەپقەتلىرىنىڭ سايىسىدە تەندۇرۇس بولۇپ قالدىم . قىلغان غەمخورلۇقلىرى ئۈچۈن كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. مەقسەتكە كەلسەك، «باشقىلارنىڭ جەننىتىدىن ئۆزۈڭنىڭ دوزىخى ئەلا» دېگەندەك يۇرت ـ ماكانىمنى سېغىندىم، ئاتا ـ ئانام، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمنى سېغىندىم . ئىجازەت بەرسىلە ماكانىمغا قايتسام دېيمەن ، ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ بىر باش پىيىزىم بىلەن بىر كونا كەمىرىم بار، بۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، ــ دەپتۇ. يىگىتنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولغاچقا پادىشاھ قايتىشقا ئىجازەت قىپتۇ . ئەمما، سوۋغىلارنى ئۆز شەنى ئۈچۈن مۇناسىپ كۆرمەي قوبۇل قىلىشنى رەت قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت پادىشاھقا قاراپ:

ــ ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، ئىنسان مەنسىتمەيدىغان ئاددىي نەرسىلەردە ناھايىتى ئۇلۇغ سىرلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ . ئۇلۇغلانغان ئېسىل نەرسىلەردە ئۇلۇغ سىرلارنىڭ بولۇشى ناتايىن. مەن قايتقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن پىيازنى يېسىلە ، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلغاندا كەمەرنى باغلىسىلا، شۇ چاغدا مېنىڭ ئۆزلىرىدىن قانچىلىك مىننەتدار بولغىنىمنى بىلىدىلا، ــ دەپتۇ ـ دە، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۆتكەنكى رەمبال ۋە يىگىت ۋەقەلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، كەمەرنى خەزىنىچىنىڭ ساقلاپ قويۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئارقىدىن شەھەر ناۋايلىرىنىڭ ئاقساقىلىنى چاقىرىپ پىيازنى بېرىپتۇ ۋە مۇشۇ پىيازدا قاتلىما يېقىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئاقساقالدىن ئاڭلايلى:

ئاقساقال پىيازنى دۈكىنىغا ئاپىرىپ قومدەك توغراپتۇ. ياغنى چوڭچوتۇپ پىيازنى ساپتۇ. «پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى» دەپ قاراپ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپتۇ، تونۇرىنىڭ تاۋىنى تەڭشەپ قاتلىمىنى يېقىپتۇ، ئەپسۇسكى نان يېقىلغان ھامان تۇتاماستىن ئېقىپ كېتىپ كۈلگە بۇلغىنىپتۇ . ئاقساقالنىڭ پېشانىسىنى غۇژژىدە سوغۇق تەر قاپلاپتۇ. ئېقىپ كەتكەن ناننى كۈلدىن ئېلىپ تازىلاپ يەنە يېقىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، ناننى زادىلا توختىتالماپتۇ. ئاخىر باشقا بىر پىيازنى توغراپتۇ ـ دە، قاتلىما پىشۇرۇپ پادىشاھقا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. ناننى زور ئۈمىدتە ھەۋەس بىلەن يەپتۇ ۋە بىرەر ھېكمەتنىڭ يۈز بېرىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپتۇ. كەچ بوپتۇ، تەمە بىلەن ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۇلۇغ سىرلاردىن ھېچقانداق ئەسەر بولماپتۇ. شۇندىن كېيىن پادىشاھ ئۇ يىگىتنى «ئالدامچى ئىكەن» دەپ تىللاپ ۋەزىرگە ۋايساپ بېرىپتۇ. ۋەزىر كەمەرنى باغلاپ كۆرۈشنى مەسلىھەت ساپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇ نەرسىلەردىن رايى قايتقان بولسىمۇ، بىراق كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. پادىشاھ ئۇنى بېلىگە باغلىغان ھامان ئاق سانجىشقا باشلىغان ساقاللىرى تۆكۈلۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ ياش بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ ـ دە، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇنىڭ ئاتمىش ياشتىكى بەستىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالماپتۇ. ۋەزىر دەرھال ئەينەك سۇنۇپتۇ. پادىشاھ خۇشلۇقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ ۋە شۇئان پىياز ھەققىدە ئويغا چۆمۈپتۇ: «كەمەر شۇنچە ئۇلۇغ سىرغا ئىگە بولغان يەردە، پىيازدا قانداق كارامەتلەر بولغىيدى؟ ناننى يېگەندىن كېيىن نېمە ئۈچۈن ھېچقانداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ، پىياز ئالمىشىپ كەتتىمۇ يا» دېگەندەك گۇمانلار بىلەن تەكشۈرۈپ باقماقچى بوپتۇ ـ دە، ناۋايىنى چاقىرتىپتۇ. پادىشاھ ناۋايىنىڭ قان قاچقان چىرايىنى، تىك قارىيالماي تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپ سوراپتۇ:

ـــ مەن بەرگەن پىيازنى نېمە قىلدىڭ؟

ـــ شاھ ھەزرەتلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ھەممىنى ئېيتاي، ـــ دەپتۇ غال ـ غال تىترەپ تۇرغان ناۋاي.

ـــ كەچتىم، ئېيتقىن، ـــ دەپتۇ پادىشاھ .

ناۋاي نان يېقىش جەريانىدىكى پۈتكۈل تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ پىيازنى يېمىگىنىگە كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆمەچنى ئەسكە ئېلىپ يەنە سوراپتۇ:

ـــ چۈشۈپ كەتكەن كۆمەچ بارمۇ؟

ـــ يوق، پادىشاھىئالەم، چۈشۈپ كەتكەن كۆمەچلەرنى يېيىش بەدىلىگە ئىشلەيدىغان لوقمان ئىسىملىك بىر چاكىرىم بار ئىدى ، شۇ يېگەن بولۇشى مۇمكىن، ـــ دەپتۇ ناۋاي.

ـــ خىزمەتكارىڭدا بىرەر ئۆزگىرىش بولغىنىنى سەزدىڭمۇ؟

ـــ ئۇ تۇغما تاز ئىدى، بىر كېچىدىلا ساقىيىپ قالدى. باشقا ئىشلارنى ئۇقمايمەن، ـــ دەپتۇ ناۋاي.

ئۇ پىيازنى يېگەندىن كېيىن لوقماندا زادى قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغىنىنى بىلىشكە ئالدىرىغان پادىشاھ لوقماننى چاقىرتىشنى بۇيرۇپتۇ ـ دە، ناۋايغا رۇخسەت قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى لوقماندىن ئاڭلايلى:

لوقماننىڭ بىرلا تۇل ئانىسى بولۇپ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ئىكەن. ئانىسى بىلەن ناۋايىنىڭ ئازراق تۇغقانچىلىقى بولغاچقا لوقماننى پەقەت قورسىقىنى بېقىش شەرتى بىلەن چاكارلىققا ئالغانىكەن. لوقمان

www.uyghurkitap.com



يۇلتۇز تارقىماستا كېلىپ تونۇرنىڭ كۆلىنى ئېلىش، دۇكاننى تازىلاش، سۇ توشۇش، ئوتۇن يېرىش قاتارلىق تۈگىمەس ئىشلار بىلەن يۇلتۇز چىققۇچە ئىشلەپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندىلا ئۆيىگە قايتىدىكەن. ئېغىر ئىش، ئۇيقۇسىزلىق، ناۋاي بىلەن نىمكارلارنىڭ تىل - دەشناملىرى لوقماننى جىنىدىن جاق تويدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا ئىلاجى يوق ئىكەن . چۈنكى، كۆلگە مىلىنىپ پىشقان بىرنەچچە كۆمەچ لوقمان بىلەن ئانىسىنىڭ يېرىم ئاچ - يېرىم توق ياشىشىنىڭ كاپالىتى ئىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناۋاي ھېلىقى كۈنى سىرلىق پىيازنى سېلىپ قاتلىمىنى يېقىپتۇ ، بىراق چۈشۈپ كېتىپتۇ، ناۋاي خۇددى لوقمان بىلەن قېرىشقاندەك چۈشۈپ كەتكەن قاتلىمىنى قايتا - قايتا تازىلاپ يېقىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە لوقمان باشقا ئىشقا كېتىپتۇ. كەچ بوپتۇ، لوقمان قايتىپ كېلىپ تونۇرنىڭ كۆلىنى ئېلىۋېتىپ كۆمەچتىن ئىككىنى تېپىۋاپتۇ - دە، بىرسىنى دەرھال يەپتۇ، ئېچىرقاپ كەتكەن نەپسى ئارام تاپقاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىرسىنى ئانىسىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ يېگىنى دەل پادىشاھ ئۈچۈن يېقىپ چۈشۈپ كەتكەن قاتلىما ئىكەن.

لوقمان ئۆيىگە مېڭىپتۇ، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ قورقىنىدىن بىردىنلا توختاپ قاپتۇ، چۈنكى ئادەمزاتنىڭ ئەسىرى بولمىغان جىمجىت كېچىدە قۇلىقىغا خىلمۇخىل ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا شۇنچە قاراپ چىققان بولسىمۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ. بىردىنلا ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن جىن - ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى چۆچەكلىرى ئېسىگە كەپتۇ - دە، پۈتۈن بەدىنىنى مۇزدەك سوغۇق تەر قاپلاپ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەپتۇ. ۋارقىراي دېسە تىلى، ماڭاي دېسە پۇتى ھەرىكەتكە كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەل ئېسىنى يىغىۋېلىپ ئاۋازلارنى دىققەت بىلەن تىڭشاپتۇ. تىڭشىغانسېرى قورقۇنچىسى بېسىلىپ پۈت - قولىغا جان كىرگەندەك بوپتۇ. ئەتراپتىكى ئاۋاز ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەسلىدە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار خۇددى ئادەملەردەك سۆزلەۋاتقان، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قايسى قىسمىنىڭ قانداق كېسەلگە داۋا بولىدىغانلىقىنى بىر - بىرىگە سۆزلەۋاتقانىكەن، لوقمان بۇ ئالامەتلەردىن ھەيران بولغان ھالدا ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

ئانىسى ئۇنى كۈتۈپ تېخىچە ياتمىغانىكەن، ئانا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن ئوغلىنىڭ قارا تەر قاپلاپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ . لوقمان يولدا كەلگۈچە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— جېنىم بالام، تارتقان جەبىر - جاپالىرىڭنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرىدىغان ۋاقىت كەلگەن ئوخشايدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، — دەپتۇ. لوقمان بۇ گەپتىن ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ كۆمەچنى ئانىسىغا بېرىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. سۈبھى مەزگىلىدە ئانىسى بالىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن بېشىنى سىلاپتۇ، ئانا دەرھال قولىنى تارتىۋاپتۇ - دە، پايپاسلاپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە چىراغنى يېقىپ قارىسا، ئوغلىنىڭ بېشىدىكى ساقايماس جاراھەتلىرىنىڭ ئورنىنى قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلار قاپلىغانىكەن. ئۆي ئىچىنى ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى قاپلاپتۇ.

لوقمان ئىشقا مېڭىپتۇ، دەل - دەرەخ گۈل - گىياھلار، ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى زۇۋانغا كېلىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. لوقمان بۇ قېتىم قورقۇپ كەتمەپتۇ. بەلكى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئاڭلىغانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋېلىشقا تىرىشىپتۇ.

پادىشاھ لوقماندىن بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلاپ جايىدا زادىلا ئولتۇرالماپتۇ. شۇنچە تەڭداشسىز

خىسلەتلەردىن قورۇق قالغىنى ئۈچۈن مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ، ئەپسۇس - نادامەتلەر يۈرەك - باغرىنى تاتىلاپتۇ. «ۋادەرىخ، نېمە ئىلاج؟!» دەپ ئىچىگە چوڭقۇر بىرنى تىنىپ لوقمانغا رۇخسەت قىپتۇ. لوقمان يەنە ئاۋۋالقىدەك كۈنلىرىنى داۋام قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقماننىڭ ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، داۋالىتاي دېسە پۇلى يوق، بېشى قېتىپتۇ. ئەھۋال قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ رازىلىق بېرىشىگە يېتىپتۇ. شۇ چاغدا لوقمان «تەۋەككۇل» دەپ دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، جان - جانىۋار، ئۇچار قۇشلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ شۇ بويىچە ئوت - چۆپلەرنى يىغىپ كېلىپ قاينىتىپ ئانىسىغا ئىچۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ قىلغان دورىسى بۇلۇتلۇق كۈنلەردە تۇيۇقسىز چىققان ئاپتاپتەك تېزلا تەسىر كۆرسىتىپتۇ - دە، ئانىسىنىڭ كېسىلى ناھايىتى تېز ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. قولۇم - قوشنىلار لوقماننىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران قاپتۇ. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغانلارمۇ پەيدا بوپتۇ. كۆرسەتكەن مەسلىھەتلىرى ئۇنۇم بېرىپ كېسەللەر ساقايغانسېرى ئۇنى ئىزدەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لوقماننىڭ بىلىدىغانلىرى، كېسەل داۋالاشتىكى تەجرىبىلىرى ئېشىپ بېرىپتۇ، ئۇ كېيىنچە بىر يايما دۇكان ئېچىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي لوقماننىڭ نامى ئۇزاق - ئۇزاقلارغا پۇر كېتىپتۇ، شاھتىن - گادايغىچە ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆز كېسەللىرىگە شىپا تاپقانلىقى ئۈچۈن لوقمانغا «ھېكىم» دەپ نام قويۇپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاينۇر يۈسۈپ، يېڭىشەھەر يامانيار يېزىسىدىن، توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

# توغرا نىيەت مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيت

بۇرۇنقى زاماندا بىر گۈزەل ماكاندا بىر تۇل خوتۇن ۋە ئۇنىڭ ۋاھىت ئىسىملىك بىر ئوغلى ياشىغانىكەن. ۋاھىت كىچىكىدىن يوقسۇللۇقتا ئۆتكەن بولۇپ، ئىشچان ۋە باتۇر يىگىت ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ، تاپقان پۇلىغا ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئانىسىنى باقىدىكەن.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ۋاھىت مەدىكار بازىرىغا بېرىپ تۇرۇشىغا، سالاپەتلىك بىر باي كېلىپ:

— ماڭا سەندەك بىر مەدىكار كېرەك ئىدى. سېنى بىر يىل باقىمەن، بىر كۈن ئىشلىتىمەن، بىر يىللىق ئىش ھەققىڭنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

ۋاھىت ماقۇل بوپتۇ. باي دېگىنىدەك ئۇنى ئىشقا سالماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ بىر يىل بولاي دەپ قاپتۇ.

بىر كۈنى باي ۋاھىتقا بىر كالىنى تولۇمچىلاپ سويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ۋاھىت سويۇپ تەييار قىپتۇ. باي:

— ئىچىگە كىرىپ تەكشۈرۈپ باقىن، گۆشلىرى قالمىسۇن - دەپتۇ.

ئۇ ماقۇل بولۇپ تولۇمنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە باي تولۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇۋاپتۇ. ئەتىسى باي ۋاھىت سولانغان تولۇمنى ھارۋىغا بېسىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ كەچكىچە يېقىن بىر تاغنىڭ تۈۋىگە بېرىپ تولۇمنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزى يوشۇرۇنۇۋاپتۇ و. بىر ھازادىن كېيىن بىر قاراقۇش پەيدا بولۇپ تولۇمنى كۆتۈرۈپ ئېگىز تاغقا ئېلىپ چىقىپتۇ - دە، يېمەكچى بولۇپ ئۇنى چوقۇپ يېرىپتۇ. ۋاھىت تولۇمدىن چىقىپ قۇشنى قوغلىۋېتىپتۇ. تۆۋەندە ئىشنىڭ شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان باي توۋلاپتۇ:

— ھەي ۋاھىت، ئەتراپىڭدىكى پارقىراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تاشلاردىن تاشلاپ بەرگىن، مەن ساڭا تاغدىن چۈشۈشنىڭ چارىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

ئەسلىدە ئۇ باي نۇرغۇن كىشىلەرنى ئالداپ شۇ تاغدىن گۆھەرلەرنى تاشلاتقۇزۇپ ئۇنى سېتىپ باي بولغانىكەن. ۋاھەتمۇ ئۇنىڭغا ئالدىنىپ تاشلاردىن تاشلاپ بېرىپتۇ. قىممەتلىك گۆھەرلەر بىلەن ھارۋىسى تولغان باي «ئەمدى قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بول» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ۋاھەت تاغدىن چۈشۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ تاغ چوققىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئايلىنىپتۇ. ھەممە يەردە ئادەمنىڭ قۇرۇق سۆڭەكلىرى تۇرغۇدەك. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ، كەچ بولغاندا گۆھەرلەر ئەتراپىغا نۇر چېچىپ تاغ چوققىسىنى يورۇق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ تاغدىن چۈشۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى تاغنىڭ ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر تەرىپىگە بېرىپ قاپتۇ. تۆۋەنگە قارىغانىكەن، بىر دەريا كۆرۈنۈپتۇ. ۋاھەت كۆزىنى يۇمۇپ، تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپتۇ. تەلىيىگە سۇدا ئۈچ كۈن ئېقىپ يۈرۈپ، خوش ھاۋالىق، مەنزىرىلىك بىر يەرگە چىقىپ قاپتۇ. ۋاھەت ئالدى تەرەپتە بىر قورۇنى كۆرۈپتۇ-دە، بېرىپ قورۇغا كىرىپتۇ. قارىسا ھەممە ئۆيلەرگە قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، پەقەت باشتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. ئۇ كىرىپ ئۆينى پاكىز سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ ئاندىن قورسىقىنى تويغۇزۇپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بىر كۆزلۈك ئۆچكە بىر ئاقساقال كىشىنى يېتىلەپ كەپتۇ. ئۇلار ئىچكىرى كىرىپ ئۆينىڭ پاكىز تازىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. «بۇ ئۆينى كىم تازىلاپ قويىدىكىن» دەپ ئۇيان ـ بۇيانغا قارىغان بولسىمۇ بىلەلمەپتۇ. كەچتە بىر توپ مال ئوتلاقتىن كەپتۇ. بۇ پادىلارنىڭ باشلىقى تۆت مۈڭگۈزلۈك قوچقار ئىكەن. بۇ پادىلار ھېلىقى ئاقساقالنىڭ ئىكەن. ئاقساقال قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقتىن پادىلارنى تۆت مۈڭگۈزلۈك قوچقار باقىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئاقساقالنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆچكىنى قويۇپ كېتىدىكەن.

ئۆچكە بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىپتۇ. ئەتىسى قوچقار ئىككى كۆزلۈك بىر ئۆچكىنى قالدۇرۇپ تاپىلاپتۇ:

— ھوشيار بولۇپ ئىگەمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال.

ئۆچكە ئىگىسىنىڭ قېشىدىن زادىلا نېرى كەتمەي ئوبدان كۈتۈپتۇ. ئۇ ئاقساقالنى ئادىتى بويىچە دەريا بويىدا خوش ھاۋا يەرلەرنى ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە ئۆي تۆنۈگۈنكىدىنمۇ ياخشىراق تازىلانغانىكەن. ئۈچىنچى كۈنى قوچقار خاتىرجەم بولالماي ئۆيدە ئۆزى قاپتۇ، ئۇ ئىگىسىنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ ھاۋالىق جايدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا ئۆيگە كېلىپ ماراپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بىر يىگىت پەيدا بولۇپ ئۆينى پاكىز تازىلىغاندىن كېيىن بوۋايغا تەييارلاپ قويغان تاماقنى يەپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوچقار يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ.

— سەن ئادەممۇ ياكى جىنمۇ ؟ ـ دەپ سوراپتۇ قوچقار .

— مەن ئادەم ، — دەپتۇ ۋاھەت ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

قوچقار ۋاھەتنى ئاقساقالنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئىككىيلەن قىزغىن پاراڭلىشىپتۇ. بوۋايمۇ ياشلىق چېغىدا ھېلىقى بايغا ئالدىنىپ تاغدىن چۈشەلمەي دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ، مۇشۇ يەرگە چىقىپ ھايات قالغانىكەن.

— مەن بىر ئىنساننى كۆرمىگىلى 40 يىل بولغانىدى، قېرىغان چېغىمدا سەن ئۇچرىدىڭ، ماڭا بالا بولغىن، — دەپتۇ بوۋاي.

ۋاھەت ماقۇل بولۇپ، بوۋاينىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ماللارنى بېقىپ كېلىدىكەن. يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇ ئانىسىنى ۋە يۇرتىنى سېغىنىپ قومۇشتىن بىر نەي ياساپ چالىدىغان بوپتۇ. ئۇ چالغان نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا ھاۋادىكى ئۇچار قۇشلارمۇ مەھلىيا ئىكەن.

بىر كۈنى ۋاھەت ماللارنى بىر گۈزەل يايلاققا ئاپىرىپ بېقىپتۇ. ئۇ قويلارنى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ

نەينى لەرزان پەدىلەرگە چېلىشقا باشلاپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا گۈزەل بىر قىز پەيدا بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەتىسى ۋاھىت يەنە شۇ يەرگە كېلىپ نەي چاپتۇ، ھېلىقى قىز يەنە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كەچ بولغاننىمۇ تۇيماپتۇ. ئاخشىمى ئاقساقال ۋاھىتقا:

— بالام بۈگۈن بەك كەچ قايتتىڭ، مۇزلۇق تاغنىڭ ئۇ يېقىغا بارغان ئوخشايسەن، ئۇ يەردە ئالۋاستى بار. مېنىڭ كۆزۈمنىمۇ شۇ ئويۇۋالغان، سېنىمۇ ئالداپ ناكا قىلىپ قويمىسۇن يەنە، — دەپتۇ.

ۋاھىت كۆڭلىدە بوۋاينىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى ئويلاپ، سەھەر تۇرۇپ ماللارنى يەنە شۇ يەرگە ھەيدەپ بېرىپتۇ. ئۇ چوڭقۇر ئورىدىن بىرنى كولاپ تېگىگە ئۇزۇن زىخلارنى سانجىپ تۈپىنى يېغىپ قويۇپتۇ ـ دە، نەي چېلىشقا باشلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى قىز سۈرەتلىك ئالۋاستى پەيدا بولۇپ ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ ۋە ئۇسسۇل ئويناپ ۋاھىتقا يېقىنلاشماقچى بولۇپ، ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ۋاھىت دەرھال ئۇنى بېسىۋېلىپ زىخنى كۆزىگە سانجىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بوۋامنىڭ كۆزى قەيەردە؟

— ماڭا رەھىم قىلغىن،ـ دەپتۇ ئالۋاستى،ـ ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغدا بىر غار بار، بوۋاڭنىڭ كۆزىنى شۇ غارنىڭ ئىچىدىكى كوزىغا سېلىپ قويغانىدىم.

ۋاھىت ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ھېلىقى غاردىن ئاقساقالنىڭ كۆزىنى تېپىپ قايتىپ كەپتۇ. ئاقساقال ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغانىكەن، ۋاھىت ئاقساقالغا ئالۋاستىنى ئۆلتۈرگىنىنى سۆزلەپ بېرىپ كۆزنى ئورنىغا سالغانىكەن، ئاقساقالنىڭ كۆزى ئەسلىگە كەپتۇ. بوۋاي ۋاھىتنىڭ باتۇرلۇقىغا باركاللا ئېيتىپتۇ ۋە «تاپقانلىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن» دەپ، يانچۇقىدىن بىر باغلام ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ۋاھىت ئاچقۇچلارنى ئېلىپ ھەممە ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئوتتۇز توققۇز ئۆيگە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ ياقۇتلار قاچىلانغانىكەن. ئۇ ئىچكىرىكى ئىككى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قولىدىكى ئاچقۇچلار تۈگەپتۇ. ۋاھىت بوۋايدىن بۇ ئىككى ئۆيدە نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي ۋاھىتنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىر ئاچقۇچ بېرىپتۇ. ۋاھىت ئۆيگە كىرىپ قارىسا ئوتتۇرىدا بىر ئوقۇر تۇرغۇدەك، ئوقۇرغا بېدە بىلەن قوناق سېلىنغانىكەن. ئەقىللىق ۋاھىت بۇنىڭدا بىر سىر بارلىقىنى بىلىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بىر چاغدا ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ تۈڭلۈكتىن بىر ئۇچار ئات كىرىپ، ئوقۇردىكى قوناق، بېدىلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ۋاھىت ئاستا كېلىپ ئاتنىڭ قولىقىدىن تۇتۇۋاپتۇ. بۇ ئات دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بارالايدىكەن. ۋاھىت ئۇ ئاتنىمۇ ئۆزىگە كۆندۈرۈۋاپتۇ.

— تۆتىنچى ئۆيدە نېمە بارلىقىنى بىلگىم بار. ئاچقۇچنى بەرسىڭىز بوۋا، ـ دەپتۇ ۋاھىت ئاقساقالغا.

— بالام، ئۇ ئۆيگە كىرمىسەڭ بولاتتى، خەير، دىلىڭ چىگىلمىسۇن، — دەپ ئاچقۇچنى بېرىپتۇ بوۋاي.

ۋاھىت ئۆيگە كىرسە تاشتىن ياسالغان بىر كۆلچەك بار ئىكەن. يېقىن بېرىپ قارىسا سۇدىن بىرسى يېڭىلا چىققاندەك ئىزلار تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولۇپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۈچ كەپتەر كىرىپ تولۇنئايدەك گۈزەل قىزلارغا ئايلىنىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ سۇغا چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇئان ۋاھىتنىڭ ۋۇجۇدىدا قىزلارغا ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، ئاستا چىقىپ كىچىك مەلىكىنىڭ كىيىمىنى ئېلىۋاپتۇ. ئىككىسى سۇدىن چىقىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. كىچىك قىز سۇدىن چىقالماي ۋاھىتقا يالۋۇرۇپتۇ. ۋاھىت قىزنىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، كىيىملىرىنى بېرىپ، ئالتۇن كەمەرنى ئېلىپ قاپتۇ، چۈنكى بارلىق ھېكمەت شۇنىڭدا ئىكەن. بوۋاي خۇشال بولۇپ، ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ.

ۋاھىت ئاقساقالدىن ئىجازەت ئېلىپ، بىر خۇرجۇنغا لىق ئالتۇن قاچىلاپ، پەرى قىزنى ئال-

دىغا ئېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. ئانا مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ۋاھىت پەرى قىز بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ. توي سورۇنىدا ھەممە قىزلار بىر پەدىدىن ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن، كېلىنىنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— قىينانامنىڭ ساندۇقىدا ئالتۇن كەمىرىم بار. شۇنى بەرسە ئاندىن ئويناپ بېرەي، -دەپتۇ قىز.

قىزلار ۋاھىتنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇپتۇ. ئانا ئۇلارغا يۈز كېلەلمەي نائىلاج ئالتۇن كەمەرنى ساندۇقتىن ئېلىپ بېرىپتۇ. ۋاھىت بۇ كەمەرنى ئانىسىغا بەرگەندە كېلىنىڭىزگە ھەرگىز بەرمەڭ، دېگەنىكەن. پەرى قىز ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە باغلاپ بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن:

— ئانا، ماۋۇ ئۈزۈكنى ئوغلىڭىزغا بېرىپ قويۇڭ، — دەپ ئۈزۈكنى ئانىغا بېرىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ .

ۋاھىت ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ ئاقساقالنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— بالام، پەرى قىزلار شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كەلمەس بولدى، مەن ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتا مەندىن يۈز ياش چوڭ بىر كىشى بار. شۇ بىلىشى مۇمكىن، - دەپتۇ .

ۋاھىت سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ ئۇ يەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ھېلىقى كىشىنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ پەرى قىزنىڭ تۇرار جايىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— بالام، بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراق يەردە مەندىن 150 ياش چوڭ بىر ئاكام بار. شۇ بىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

ۋاھىت ئۇ كىشى بىلەن خوشلىشىپ، تاغ - دەريالاردىن ئېشىپ ئۇ يەرگە كەپتۇ ۋە بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ كىشى:

— بالام، سەن قىيىن يولغا قەدەم قويۇپسەن، بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ماكانى ئۈچ يۈز يىللىق يولمىش. بۇ ئاتقا مىنسەڭ بىر ئايدا بېرىشىڭ مۇمكىن. لېكىن بارغىنىڭ بىلەنمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن، ئۇلار بەك يامان، جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالارسەنمىكىن؟ — دەپتۇ.

— چوقۇم بېرىشىم كېرەك بوۋا، - دەپتۇ ۋاھىت قەتئىيلىك بىلەن.

بوۋاي ئۇنىڭغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ۋاھىت نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ بىر ئايدا پەرى قىزنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەر مۇنبەتزارلىق ئىكەن. ئۇ ئارغىماقنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ بىر كۆلچەكنىڭ بويىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بىر كېنىزەك سۇغا چىقىپتۇ. ۋاھىت يېنىغا بېرىپ سوراپتۇ.

— قىزچاق، سىز كىم؟

— مەن چوڭ پەرىنىڭ كېنىزىكى، — دەپتۇ كېنىزەك.

بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر قىز سۇغا چىقىپتۇ ، ئۇ ئوتتۇرانچى قىزنىڭ كېنىزىكى ئىكەن. كەچكە يېقىن كىچىك قىزنىڭ كېنىزىكى سۇغا چىقىپتۇ. ۋاھىت ئازراق سۇ ئىچىۋالسام دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. كېنىزەك كوزىنى بېرىپتۇ. ۋاھىت سۇ ئىچكەن بولۇپ چاندۇرماي ئۈزۈكنى كوزىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى كىچىك پەرى قولىنى يۇيۇۋاتسا ھېلىقى ئۈزۈك قولىغا چىقىپتۇ. پەرى ئۇنى تونۇپ ۋاھىتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، قۇدۇق بېشىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇنى ئالمىغا ئايلاندۇرۇپ يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. كىچىك پەرى ئىككى ئاچىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بۇ ئىشنى ئاكىلىرىغا ئۇقتۇرۇپتۇ. قىزلارنىڭ تۆت ئاكىسى بار ئىكەن. ئۇلار:

— ئۇ يىگىت سىڭلىمىزنى ئىزدەپ مۇشۇ يەرگە ساق - سالامەت كېلەلىگەن بولسا، راستىنلا ئىرادىلىك باتۇر ئىكەن. سىڭلىمىزنى بەرسەك بېرەيلى، شۇنداقتىمۇ ئاۋۋال سىناپ باقايلى، — دەپتۇ.

قىزلار ۋاھىتنى ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئاكىلىرى ۋاھىت بىلەن سۇ ئەكېلىشتە بەسلەشمەكچى بولۇپ، ھەر بىرسى ئۆيدەك يوغان سوغىلارنى كۆتۈرۈپ قۇدۇق بېشىغا مېڭىپتۇ. ۋاھىت ئۇ سوغىلارنى قورۇقمۇ كۆتۈرەلمەيدىكەن. ئۇ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەتمەن بىلەن ئارغامچا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار سوغىلىرىغا سۇ تولدۇرۇپتۇ. ۋاھىت ئارغامچىنى يېنىغا قويۇپ قۇدۇقنىڭ چۆرىسىنى كولاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان پەرىلەر سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، قۇدۇقنىڭ چۆرىسىنى كولاپ نېمە قىلىسەن؟

ۋاھىت:

— سىلەر ھەر كۈنى سۇ توشۇپ ئاۋارە بولىدىكەنسىلەر، شۇڭا قۇدۇقنى كۆتۈرۈپلا ئۆيۈڭلارغا ئاپىرىپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدىغان باشقىلارمۇ بار. بولدى ئۇنداق قىلمىغىن، — دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق قىلىپ بىرىنچى سىناقتىن ئۆتۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئاكا - ئۇكىلار ئوتۇن ئەكېلىمىز دەپ پالتا بىلەن بىر تالدىن ئاغامچا ئېلىپ ئورمانلىققا مېڭىپتۇ . ۋاھىت ماڭا كۆپرەك ئاغامچا كېرەك دەپ بەش - ئالتە تال ئاغامچىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئورمانلىققا كەپتۇ. ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھەر قايسىسى ئىمارەتتەك ئوتۇننى بېسىپ تەخ قىلىپ قويۇپ، «ئەمدى قانداق قىلاركىن» دەپ ۋاھىتقا قاراپتۇ، ۋاھىت ئارغامچىلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ بىر ئۇچىنى چەتتىكى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ ئىككىنچى ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ پۈتۈن ئورمانلىقنى يۆگىگەنىكەن، پەرىنىڭ ئاكىلىرى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :

— ھەي ئەخمەق، نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— سىلەرنى ھەر كۈنى ئوتۇن توشۇشقا مەجبۇر قىلغۇچە پۈتۈن ئورمانلىقنى بىرلا يۇدۇپ ئاپىرىپ بېرەي دەيمەن، — دەپتۇ ۋاھىت.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ، - دەپتۇ ئاكا - ئۇكىلار ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، — بۇ ئورمانلىقتىن پايدىلىنىدىغان تۇققانلىرىمىز كۆپ، ئۇلار بىزدىنمۇ كۈچلۈك. بىلىپ قالسا تېرىمىزنى تەتۈر سويىدۇ. ئۇنداق قىلمىغىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەقىل ئىشلىتىپ ئىككىنچى سىناقتىنمۇ ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئاكا - ئۇكىلار ئۇنى يېتىلەپ بىر مېۋىزارلىققا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر كىيىك ئۇچراپتۇ. پەرىلەر ئۇنى بىر سەكرەپلا تۇتۇۋاپتۇ. مېۋىزارلىقتا بىر تۈپ يوغان ياڭاق دەرىخى بار ئىكەن، ئۇلار ۋاھىتقا دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى بىر تال ياڭاقنى كۆرسىتىپ، شۇنى ئېلىپ چۈشكىن، دەپتۇ. ۋاھىت ئۇ يەرگە چىقىپ ھېلىقى ياڭاقنى ئالاي دەپ قول ئۇزىتىشىغا ئاكا - ئۇكىلار ياڭاق دەرىخىنى ئېگىپ ئۇچىنى يەرگە تەگكۈزۈپ قويۇۋېتىپتۇ. ۋاھىت ياڭاق شېخىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلار ھېلىقى كىيىكنى قويۇپ بېرىپ:

— ئەي يىگىت، دەرھال ماۋۇ كىيىكنى تۇت، — دەپتۇ.

ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ سەكرەپتۇ ، ئۇنىڭ سەكرىشى كىيىكنىڭ قېچىشىغا توغرا كېلىپ نەق تۆپىسىگە چۈشۈپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار ۋاھىتنىڭ ھەقىقىي باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، كىچىك سىڭلىسىنى بېرىپتۇ. ۋاھىت پەرى قىزنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا ساق - سالامەت قايتىپتۇ. ئۇ يۇرتىدا قايتىدىن توي مەرىكە ئۆتكۈزۈپ پەرى قىزنى رەسمىي نىكاھىغا ئاپتۇ. شۇندىن كېيىن «توغرا نىيەت مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ» دېگەن ھېكمەت تارالغانمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىسىدىن ئازاتگۈل ياسىن)

(توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com



# قوشاقلار

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەترېھىم تۇرسۇن

ئىشىكنىڭ قاناتلىرى
تۈنكە بىلەن قاپلاقلىق.
سۆيگۈ كەتمەن چۈلدىسى
ۋاپا«سېپى»دا ساپلاقلىق.

قاشنىڭ قارىسى سەندە
كۆزنىڭ قارىسى مەندە.
يارنى كۆندە سېغىنىپ
ماغدۇر قالمىدى تەندە.

«ئامبارچى»دىن ئۆتسەكلا،
خام بازارغا كېلىمىز.
يارىم ۋاپا قىلسىلا،
يۈرەكنى ئېپ بېرىمىز.

«جانان كوچا»دىن چىقساق،
ھېيتگاھقىلا كېلىمىز.
سۆيۈپ قويماي كەتتىڭ يار،
يۈرىكىڭ «تاش» بىلىمىز.

كۆزۈڭدىكى ئەينەكمۇ؟
قولۇڭدىكى چەينەكمۇ؟
كۆيگىنىمنى بىلمەيسەن
يۈرىكىڭ تاش پەينەكمۇ؟

ئېگىزلىقتىن ئوت ئالماق
قولىڭىزنى تاتلايدۇ.
بىزنى تاشلىغان بىلەن
كۆڭۈل سىزنى يادلايدۇ.

يىراق مەلە ئېتىزلىق
يارنىڭ يېرى ئېگىزلىق.
يارنىڭ سۆيگۈسى ئوتلۇق
جان قىينايدۇ يارسىزلىق.

دۇتتارىما دۇتتارىم
دۇتتارىمدا قوش تارىم.
ئانام ئۇنىمىدى دەپ
بىزنى تاشلىماڭ يارىم.

راۋاپ چالىمەن سە(ھەر)دە
قانماي باسىمەن پەدە.
مەن سېنى سېغىنغاندا
سەن يۈرسەن يار نەدە؟

ئېگىز تاغدا تۈتەك بار
ئۆي ئالدىدا كۆتەك بار.
پاتقاق ـ لايدىن قورقمايمەن،
يارىم بەرگەن ئۆتەك بار.

تاغدىن كەلدى دۇلدۇللار
باغدىن كەلدى بۇلبۇللار.
قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى
نەگە كەتتى ئوغۇللار.

قارا ـ قارا قاغىلار
خاماندا دەيدۇ،
يار تۇتمىغان قىزچاقلار
ئارماندا دەيدۇ.

دەريا بېشىدا تۈگمەن
بۇغرا چېلىپ ئۇگۇت دەر.
توي قىلمىغان يىگىتلەر
يالغۇز ئۆتەرمەنمۇ دەر.

بۇلاق بېشىدا يار ئۆيى
تۆنۈگۈن بولدى تويى.
ئەملگە ھېچ ئاشمىدى
قاچايلى دېگەن ئويى.

توك تۈگمىنى مەلىدە
تاپقان پۇلۇم غەللىدە.
توي قىلمىغان يىگىتلەر
قىز تاپالماي رەللىدە.

تۈمەن دەرياني كەچسەك
ئاچا يولغا چىقىمىز.
يارنىڭ ئۆيى دوقمۇشتا
كىرسەك شەربەت ئىچىمىز.

ئاۋات ئۆستەڭ يىراقتا
خىلۋەت ئۆستەڭ بۇ ياقتا.
يار كۆلكىسى بەك ئوماق
يۈرەك كۆيدى يىراقتا.

ئەنجان يولى خەتەرلىك
تاغلىرى ئېگىز تۇتەك.
يار ئىشقىدا تولغىنىپ
ئولتۇرغىنىم بىر كۆتەك.

ئىشىك ئالدى تال تېرەك
نورۇز كەلسە كۆكلەيدۇ.
يارىم تىككەن دوپپىنى .
كىيسەم يۈرەك سەكرەيدۇ.

سىنىپنىڭ تۆرىدە دوسكا
پەگادا رەت ئورۇندۇق.
بىر مەلىدە چوڭ بولغاچ
گەپ قىلىشقا قورۇندۇق.

مەكتەپتە ئۈچ دەرۋازا
ئەركەك ساقچى ساقلايدۇ.
گۇناھ ئارتساڭ ئارتىۋەر
يارىم كېلىپ ئاقلايدۇ.

ئورۇندۇقۇم چىرايلىق
پەنەركىدە مىخلانغان.
يارغا يازغان شوخەتلەر
ئۆز تۇمارچە قاتلانغان.

لەنگەر يولى تال-باراڭ
ئېقىن سۈيى شەربەتلىك.
مېنىڭ ئاشۇ ئۆز يارىم
مېڭىشلىرى سۆلەتلىك.

قەشقەر دېگەن بۇ يۇرتنىڭ
ئەتراپىدا قوش دەريا.
سۆيمىسىلە ئامال يوق
«يارىم سىزگە خوش» دەيلا.

ئالما تېرىسام ئۈنەمدۇ؟
بېھى تېرىسام ئۈنەمدۇ؟
پۇل تېپىپ باي بولغۇچە
كۆڭۈل قېرىپ ئۆلەمدۇ.

يارىم ئوقۇغان مەكتەپ
نەزەرباغدىكى دۆڭدە.
يارىم سېغىنسا كېلەر
شامالباغدىكى ئۆيگە.

داپنى چالىمەن تاڭ-تاڭ
يارنى سۆيىمەن چاڭ-چاڭ.
سەن يارىمغا ئۆيلەنسەم
خالايىق قالسۇن ھاڭ ـ تاڭ.

يارىمنى ئاخىر ئالدىم،
ئۆز بېشىدا بوياق چاچ.
يار تاتلىق، ئىشى تاتلىق
تېتىپ كەتتى قوتۇرماچ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى
پىشقەدەم كادىرلار مەركىزىدىن ئارامغا چىققان)

# ئۈچ ئەيىبلىك

(قىرغىز خەلق چۆچىكى)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: گۈلجەملە نۇراپ

بۇرۇنقى زاماندا، قىش ـ ياز ئاچ ـ توق يۈرىدىغان ئۈچ ئۆيلۈك بولغانىكەن. بۇ ئۈچ ئۆينىڭ ھەربىرىدە بىردىن ئەيىبلىك بالا بار ئىكەن. بۇلارنىڭ بىرسى تاز، بىرسى ماڭقا، يەنە بىرى چاپاق ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئۈچەيلەن بىللە بىر يەرگە بارماقچى بوپتۇ. بىرئاز يول يۈرگەندىن كېيىن، تاز بۇلارغا بىر ھىيلە ئىشلىتەي، بۇلارنى بىرەر نەرسىدە بولسىمۇ بەسلىشىپ يېڭىۋالاي دەپ ئويلاپ: «باتۇرلار، بۇنداق ماڭساق زېرىكىپ قالىمىز، ئەگەر ماقۇل دېسەڭلار بىر ئىشتا بەسلىشەيلى، كىم يېڭىلىپ قالسا قالغان ئىككىمىزگە بىردىن قوي بەرسۇن» دەپتۇ. قالغانلار: «ماقۇل، دېگىنە قېنى نېمىدە بەسلىشىمىز؟» دېيىشىپتۇ. تاز: «ئۈچىلىمىزنىڭ بىردىن ئەيىبى بار. ماقۇل كۆرسەڭلار بۇ يەردە باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن، بىردەم تاماشا بولسۇن ئۈچۈن شۇ ئەيىبىمىز تۇغرۇلۇق بەسلىشەيلى، مۇشۇ يەردىن ئاۋۇ يىراقتا كۆرۈنگەن دۆڭنىڭ يېنىغا بارغۇچە مەن بېشىمنى قاشلىمايمەن. ماڭقا دوستۇم بۇرنىنى تارتمايدۇ، چاپاق دوستۇم كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئېتىمايدۇ. كىم چىدىماي خىلاپلىق قىلسا شۇ يېڭىلگەن بولسۇن» دەپتۇ. قالغان ئىككىسىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

ھەممەيلەن ئۆز كۆڭۈللىرىدە بىر ـ بىرىنى: «مەندىن بۇرۇن چوقۇم ماۋۇ چىدىيالمايدۇ» دەپ ئويلىشىپتۇ ۋە كەڭ دالادا بىر ـ بىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن قاتار مېڭىپتۇ. ماڭقا ئوتتۇرىدا، چاپاق بىلەن تاز ئىككى چەتتە مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، تازنىڭ بېشى قىچىشىپ چىدىيالماي قاپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك، ئۇ تولا ئويلاپ ئاخىر بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپتۇ ـ دە، دوستلىرىغا قاراپ: «ھەي دوستلىرىم، بۇنداق بىكار ماڭغاندىن پاراڭلىشىپ ماڭايلى، رەھمەتلىك ئاتام خىزىر سۈپەت، باي كىشى ئىدى. قانداق دېمەمسىلەر؟ ــ دەپتۇ. قالغان ئىككىيلەن:

ــ قانداق ئىدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ. تاز:

ــ ئاتام ياز بولسا قالپىقىنى، قىش بولسا تۇمىقىنى بىردەم جىم كىيمەي بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق ئايلاندۇرۇپ، قىرلاپ كىيەتتى، ــ دەپ ئاتىسىنى دورىغان بولۇپ، بېشىنى تاتىلىۋاپتۇ. كۆزىنىڭ چاپاقلىرىنى سۈرتەلمەي، يولنى ئېنىق كۆرەلمەي ئاران مېڭىۋاتقان چاپاق، تازنىڭ ئاتىسىنى باھانە قىلىپ بېشىنى تاتىلىۋالغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ ـ دە: «مەنمۇ بىر ئامال تاپاي» دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا:

ــ مېنىڭ ئاتامنىڭ ناھايىتى چەبدەس، ئۇستا مەرگەنىدى. قانداق دېمەمسىلەر؟ ئۇ ئوڭ كۆزىنى مۇنداق قىسىپ تۇرۇپ، يانى بىر تارتىپلا سول تەرەپكە مۇنداق يۆتكەپ ئاتسىلا كېيىكلەر يىقىلىپ قالاتتى» دەپ ئاتىسىنى دورىغان بولۇپ، ئىككى كۆزىنىڭ چاپىقىنى سۈرتىۋاپتۇ. ماڭقىسى ئېقىپ ئاغزىغا كىرىپ كېتەيلا دەپ قالغان ماڭقا تاز بىلەن چاپاقنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ بېشىنى تاتىلىۋالغانلىقىنى، چاپىقىنى سۈرتىۋالغانلىقىنى تۇيۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئويلىنىپ بىر ئامال تېپىپتۇ ـ دە، «سىڭىلىڭمۇ توغرا دوستۇم» دەپ ئوڭ قولى بىلەن سول تەرىپىدە كېتىۋاتقان تازنى كۆرسەتكەن بولۇپ، سول قولى بىلەن ئوڭ تەرەپتە كېتىۋاتقان چاپاقنى «سىڭىلىڭمۇ توغرا دوستۇم» دەپ كۆرسەتكەن بولۇپ، شۇ باھانىدە بۇرنىنى سۈرتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «سەن چىدىماسلىق قىلىپ يېڭىلدىڭ» دېيىشكە ھېچكىم پېتىنالماي، ھەركىم ئۆز ئىچىدىلا بىلىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ 2015 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)


مەھمۇد فەرشچيان سىزغان




# 源　泉（布拉克）

# بۇلاق

（维吾尔文）　总174期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 174-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：买买提江·马合木提　副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: مۇھەممەتجان مەخمۇت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118　邮政编码：830001
邮政代码：58-108　定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043